شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ھەلىمە تۇردى
ئىلجان ئابىخان

# يېشىل دالا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى




## ئاپتور ھەققىدە

ھەلىمە تۇردى 1974 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان. كېيىن ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس بويىچە ئۆزلۈكىدىن تەربىيەلەنگەن. ئۇ ھازىر چەرچەن ناھىيە ـ لىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

ھەلىمە تۇردى 1999 ـ يىلى «كىروران» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قۇياش ئىلھامى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 160 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر، ھېكايە، پوۋېست ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ھازىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



ئابنۇر ھەققىدە

ئىلجان ئابىخان 1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيەسى بەشكېرەم يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە.

ئىلجان ئابىخان 1975 ـ يىلى قەشقەر تىببىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى خەلق 2 ـ دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، رېنتگېن كەسپىگە ئائىت 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يازغان؛ «راك شىپاسىز كېسەل ئەمەس»، «ئاددەتتىكى تاشقى بۆلۈم ئوپېراتسىيەسى ئالدىدىكى سۆھبەت» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

ئىلجان ئابىخان قەشقەر ۋىلايەتلىك جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ھەلىمە تۇردى
ئىبلىجان ئابىخان

# پېشىل دالا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇھەررىرى: ھوشۇرھاجى ئاخۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرەھمان ئابدۇرەھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ
غەيرەت خالىق

# پېشىل دالا (پوۋېست - ھېكايىلەر)

| | |
|---|---|
| ئاپتورلىرى: | ھەلىمە تۇردى، ئېلىجان ئابىخان |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى |
| فورماتى: | 880×1230 م م 32 / 1 |
| باسما تاۋىقى: | 7.375 |
| خەت سانى: | 142 مىڭ خەت |
| نەشرى: | 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| تىراژى: | 1 — 12200 |
| باھاسى: | 19.00 يۈەن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011- يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش» تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس

مەنــبە بولــدى. شــىنجاڭدىكى كەڭ يــازغۇچى، ســەنئەتكارلار زامــانىۋى مەدەنىيەتنىــڭ يېتەكچىلىكىــدە، دەۋر روھــى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلــۈك، مىللــي ئالاھىــدىلىك ۋە شــىنجاڭچە ئالاھىــدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شــىنجاڭ يازغۇچىــ ـلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئــاز سانلىق مىللــەت، خەنــزۇ يېزىقىــدىكى ئەســەرلەرنى ئۆزئــارا تەرجــىمە ـ نەشــر قىلىــش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامــانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلــدۈرۈش ۋە تەرەققىــي قىلــدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىــك قىلىــش، «نــادىر ئەســەر ـ لەرنــى يــارىتىش، ئىختىــساسلىقلارنى يېتىــشتۈرۈش، ئاساســي قاتلامغــا مــۇلازىمەت قىلىــش» خىــزمەت نىــشانىنى ئەمەلــگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىــڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنــى زور كــۈچ بىــلەن ئەۋج ئالــدۇرۇش، رايــون ئالاھىــدىلىكىگە ئىــگە مەدەنىيەتنــى تــارقىتىش، ئۇنىڭغــا ۋارىــسلىق قىلىــش ۋە دەرىجىــسىنى ئۆســتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىــك يــادرو قىلىنغــان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىلــ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شــىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىــڭ ئىجــادىي ئەســەرلىرى ۋە ئــاز ســانلىق مىلــلەت، خەنــزۇ يېزىقىــدىكى ئەســەرلەرنى ئۆزئــارا تەرجــىمە ـ نەشــر قىلىــش قۇرۇلۇشــى» مەجمۇئەســى يېقىنقــى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن، شــىنجاڭچە روھ

گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسىر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈلەش ۋە تۈزۈش - تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى،

ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۆزۈرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2014- يىلى 12- ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ھەلىمە تۇردى

بالا ئىزدەش (پوۋېست) .............................. 3
غازاڭ پەسلى .............................. 50
توي قىلىۋالسام بولاتتى .............................. 80
سېرىق توپا .............................. 87
يۇلغۇن چېچىكى .............................. 94
تىلەمچىنىڭ بالىسى .............................. 112
يول .............................. 122
گۇمان .............................. 126
يېشىل دالا .............................. 128

## ئېلجان ئابىخان

بۇرچ .............................. 173
زۇكام دورىسى .............................. 184
ئوق تەگكەن خوراز .............................. 188
ئايخانىنىڭ خۇشاللىقى .............................. 197
مۇدىرنىڭ پەزىلىتى .............................. 205
سىناق .............................. 210
ئانا ئارزۇسى .............................. 217

هەلمە تۇردى

# يىپشىل دالا

(پوۋېست ـ ھېكايىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

# بالا ئىزدەش

## ئايرىلىش

كۆچلۈك قۇياش نۇرى مەكتەپ هويلىسىدىكى باراقسان سۆگەت شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سايىدە كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىبېشىغا يوپۇرماقلار ئاراچلىرىدىن شولا چۈشۈرەتتى. گۈللۈكلەردە رەڭدار كېپىنەكلەرنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان يەسلى باللىرىنىڭ شادىمان كۈلكىلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. مەكتەپ هويلىسىدىكى مەي باغلاپ كەتكەن نەشپۈت، ئالمىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ، كىشىنىڭ ئىشتىهاسىنى قوزغايتتى.

ئالتۇن رەڭلىك قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار سىنىپلارغا يۈگۈرۈشۈپ، ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

شۇ ئەسنادا سىنىپ مەسئۇلى ئاينۇر مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى ۋە جىددىي تەلەپپۇزدا:

— ساۋاقداشلار، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ناهىيەلىك ئوتتۇرىغا قوشۇۋېتىدىكەن، شۇڭا چۈشتىن كېيىن ئاتا-ئاناڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، رەهبەرلەر كەلگۈدەك، — دېدى.

بىردىنلا سىنىپ ئىچىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلاپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار بەكمۇ هاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، چېھرىدە

كـۆلكە پـارلايتتى. شـۇ تاپتـا ئـۇلار قۇشـقا ئايلىنىــپ ئۇچـۇپ بېرىپ، كەلگۈسى مەكتىپىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

بۇ سائەتلىك دەرس دەرسمۇ بولمىدى. ئـاينۇر مۇئەللىم ئـۆزى سـوئال سـوراپ، ئـۆزى جـاۋاب بېرىــپ جىـلە بـولغىنىچە دەرسنى تۈگەتتى. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىيالى دەرستە ئەمەس، كەلگۈســى مەكتىپىنىــڭ گــۈزەل ئاســمىنىدا پەرۋاز قىلاتتى.

شـۇنداق قىلىــپ، چۈشـتىن كېيىنمۇ بولـدى. چىرايىنـى قورۇق باسقان، چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن ئاتـا ـ ئـانىلار بىــر ـ ئىككىــدىن مەكــتەپ هويلىــسىغا كىرىــشكە باشــلىدى. بالدۇر كەلگەنلىرى باللارنىڭ يېڭى مەكـتەپكە كۆچـۈش ئىـشى توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى:

ـــ قانداقراق مەكتەپتۇ ئۇ؟

ـــ بەك داڭلىقمىــشقۇ؟ هەر يىلــى ئوبلاســت بــويىچە ئەلىيـۇلئەلا شـۇ مەكتەپـتىن چىقـارمىش. باشـقا نـاهىيەدىنمۇ كېلىپ ئوقۇيدىغان باللار بارمىش ......

ـــ بالىلىــرىمىــزنى ياتاقتا ياتـقۇزۇپ خاتىــرجەم بولغىلى بولارمۇ ـ هە؟

ـــ «ئەل قايان، سەن شۇ يان» دەپتىكەن، باشقىلار نېمە بولسا بىزمۇ شۇنداق بولمامدۇق؟ قالغىنىغا هۆكۈمەت بار......

ئاتــا ـ ئــانىلار يىغىــن زالىغــا تەكلىــپ قىلىنــدى. تولۇقسىزدىكى 100 نەچـچە ئوقۇغۇچىنىـڭ ئاتـا ـ ئانىسىدىن 80 نەچچىسى كەلگەنىدى.

ئېگىــز بـوي، سـەل سېمىزرەك كەلـگەن، قوشـۇما قـاش، بۇغداي ئۆڭ، چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىـدىغان، چاچلىرىنى كەينىگە قايرىغان، پۇزۇر كىيىنگەن بىـر رەهبەر

ئاتا ـ ئانىلارغا سالام بېرىشۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇ قېتىملىق مەكتەپ كۆچۈشنىڭ مەقسىتىنى ئېزىپ چۈشەندۈردى ۋە ئاخىرىدا سۆزىنى خۇلاسىلىدى:

— بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى شۇكى، ئوقۇتۇش مەبلىغىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ......

شۇ تەرىقىدە رەھبەرلەر بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالدى.

— پىكرىمىز يوق. ياخشى ئىشكەن بۇ ...... — دېيىشتى ئاتا ـ ئانىلار. ئۇلارنىڭ كۆلكىدىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالغاندى. بىرەرىنىڭ سۆكۈتكە چۆمگىنىنى، ئارىسالدى بولغىنىنى، ئويغا چۆمگىنىنى كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بالىلىرىنىڭ شارائىتى ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كەلگۈسىدە جېنىنى ئوبدان باقالىغۇدەك بىرەر خىزمەتكە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئاتا ـ ئانا كۆڭلى ئاشۇنداق مېھرلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز يۈرەك پارىسى ئۈچۈن ھەتتا جېنىدىن كېچىشكىمۇ رازى بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئارزۇگۈلنىڭ دادىسى ئەركىنجانمۇ بەك خۇش بولدى. ئەركىنجان تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي، مەكتەپتىن چىقىۋالغان ۋە ئوقۇمايمۇ جان باقالايدىغانلىقىغا، يەنە كېلىپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنچ قىلغانىدى. ئەمما، «ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ گۈزەل غايىسى رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز تاپانلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتكەنىدى. ئاتا ـ ئانىسىنى قىستاپ، ئېغىلدىكى

تېخى سۈتى تارقاپ كەتمىگەن يوغان سىيىرنى ساتقۇزۇپ، تىجارەت قىلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، رادىل ئابلادەك شىركەت قۇرىمەن دەپ يولغا چىققان، ئەمما كىم بىلسۇن، ئۇ سودا يولىغا كىرە - كىرمەيلا ئالدامچىلارغا ئالدىنىپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تاللىشىنىڭ تولىمۇ خاتا بولغانلىقىنى، مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ ئالىبۇرۇن كېچىككەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى كېسەلچان بولغاچقا، ئۇ: «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىدا بالامنى ئۆيلەپ قويمىسام بولمايدۇ، بولمىسا خاتىرجەم كۆز يۇمالمايمەن، گەدىنىمدە قەرز قالىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ جەمئىيەتتىكى لايغەزەللەرگە قوشۇلۇپ باشباشتاق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلىنى ئۆيلەشكە ئالدىرىدى......

تۇرمۇشنىڭ ئۆزۈن ساھىللىرىدا پىشىپ يېتىلگەن ئەركىنجان پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قىزى ئارزۇگۈل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى، بارلىقى ئاشۇ ئوماق قىزى ئارزۇگۈل ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ھەممىدىن بەك خۇش بولدى.

شۇنداق قىلىپ، مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن رەھبەرلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرىدىن ئورۇنلاشتۇرغان ئاپتوبۇسلارغا چىقىرىپ يولغا چىقتى.

كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مەنزىرە، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەقىقە ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى. مەكتەپنى قوشۇۋېتىش توغرىسىدىكى گەپلەر خېلى بۇرۇنلا

بولغان بولسمۇ، بىراق ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا ئىشەنمەي، غۇلغۇلا قىلىشقاندى:

— نېمىشقا قوشۇۋېتىدۇ؟بىر ئوبدان مەكتەپ تۇرسا بۇ......

— ئوقۇتۇش سۈپىتىمىز ناھىيەلىك ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىن يۇقىرى تۇرسا. ھەر يىلى بىرىنچى بولىمىزغۇ؟ مېنىڭچە مۇشۇلارنى ئويلاپ بولسىمۇ قوشمايدۇ، ھەي......

— بىز بىرىنچى بولدۇق دېگەنبىلەن، باشقىلار بىزنى بالا سانى ئاز بولغاچقا، نەتىجە شۇنداق چىقىدۇ، يەنىلا ناھىيەلىك ئوتتۇرىغا يەتمەيدۇ دېيىشىدىكەن.

بۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭى توختىدى......

ئوقۇغۇچىلار ئانا مەكتىپىدىكى شانلىق ئوقۇش ھاياتىنىڭ مۇشۇنداقلا ئاخىرلاشقانلىقىغا، ئاشۇ تۇنجى ساۋاتنى ئالغان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىدىن ئايرىلغىنىغا، بۇ سۆيۈملۈك مەكتەپتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغانلىقىدىنلا ئاشۇنداق پاراڭلارنى قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەن ياخشى شارائىتلىق مەكتەپلەردە ئوقۇپ، گۈزەل ئىستىقبال تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شۇ تاپتا چىچىغا ئاق كىرگەن، يوغان قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان، ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ بۇ ئىشلار توغرىسىدىكى قارارنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلىغان، ھۆججەتنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارغا كۆزى قىيماي قاراپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ نەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، ئاق رەڭلىك، چىرايلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ، رەھبەرلەرنىڭ كەينىدىن كەتتى.

ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولسا يۈرىكى ئىچىگە پاتمىغاندەك بولۇپ، بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى ئىشلەۋاتقان مەكتىپىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆز ئالدىدىكى كىچىك بوغۇنلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى، شۇنداقلا يۈرىكىنىڭ ئەڭ نازۇك بىر يەرلىرىدە ئازراق رەنجىش ئالامەتلىرىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، بايا ئوقۇغۇچىلارنى ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، كۆزلىرىگە ياش كەلگەن، تويماي قاراۋاتقان بولسىمۇ، بىراق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار يەنىلا ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي، كۈلۈشۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىشقان، ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپمۇ قويمىغانىدى.

ئەر ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئايرىلىش ئازابىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۈنسىز قارىشىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار كەتتى. قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، بۇ يەردە پەقەت جىمجىتلىقلا غالىب ئىدى. ئاز ساندىكى باشلانغۇچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىلا جاھاندىن بىغەم هالدا ئۆز ئويۇنىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

## يېڭى ماكان

ئىككى قاسىنقىدا بۈككىدە تېرەكلەر شاخلاپ سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان، سىلىق ئاسفالت يولدا قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسلار ئۈچ يېرىم كىلومېتىرلىق يولنى بېسىپ، ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. شوپۇرلار ئاپتوبۇسلارنى مەكتەپنىڭ خىيلى نېرىسىدا توختاتتى، چۈنكى مەكتەپنىڭ

ئالدىدا باشقا يېزىلاردىن ئوقۇغۇچىلارنى ئەكەلگەن ئاپتوبۇسلار ئۆزۈن ئۆچىرەت بولۇپ تۇراتتى.

ئارزۇگۈل دادىسى ئەركىنجاننىڭ يېتىلىشى بىلەن ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئەركىنجان خۇددى قىزىنىڭ بالا ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئۇنى يېتىلىۋالغانىدى.

ئۇ ئارزۇگۈلنى مۇشۇنداق يېتىلەۋاتقىلى توپتوغرا 14 يىل بولدى، بولۇپمۇ بازارغا كەلگەندە ئۇ قىزىنى قويۇۋەتمەي، يېتىلەپ ئادەتلەنگەنىدى. كونىلارنىڭ: «دادا قىزىغا، ئانا ئوغلىغا ئامراق بولىدۇ» دېگەن گېپى توغرا ئوخشايدۇ.

ئۇلار قارا سىردا سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازىدىن كىردى. ئۇششاق، رەڭلىك چىنە خىشلار ياتقۇزۇلغان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. بايراقنىڭ ئۇدۇلىدا كۆركەم سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك بىنا، بىنانىڭ ئەتراپىدا باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ئىچچام كۆرۈنۈشلۈك باغچە سۈپىتىدە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق مەكتەپ بۇ؟

ئەركىنجان ھاڭۋېقىپ قاراپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يېزىدىن كەلگەن سىنىپ مەسئۇللىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار يېڭى مەكتەپنىڭ كۈتۈۋېلىشقا چىققان رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. تىزىملىك ئالدىنئالا يوللانغان بولغاچقا، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلارغا تەقسىم قىلىپ بولغانىدى. ئوقۇغۇچىلار تىزىملىك چاپلانغان دوسكا ئالدىدا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قايسى سىنىپقا تەقسىم قىلىنغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ تىزىملىككە قارىشىۋاتاتتى.

ئارزۇگۈل تولۇقسىز 2 ـ يىللىق 25 ـ سىنىپقا تەقسىم

قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرئاز غەش بولدى. دادىسىمۇ نارازى بولۇپ، ئىلمىي مۇدىرغا دەپ سەل ئالدىدىكى سىنىپلارغا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىلماقچى بولدى. ئۇ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ ئىلمىي بۆلۈمگە كىردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئالدىدىكى سىنىپلار ياخشى، كەينىدىكى سىنىپلار ياخشى ئەمەس ئىدى. ئىلمىي بۆلۈم پاتپاراقچىلىققا تولغان بولۇپ، ئادەم پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يەر يوق ئىدى. ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئىش ئۈستىلىنى بىر توپ كىشىلەر ئورىۋالغان بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. ئىلمىي مۇدىر قايسىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى بىلەلمەي، ئۇلارنى بىردىن - بىردىن سۆزلەشكە دەۋەت قىلىۋاتاتتى. ئەمما، ھېچكىم ھېچكىمگە پۇرسەت بېرىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەركىنجان ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئىلمىي بۆلۈمدىن يېنىپ چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن ئەركىنجان قىزىنى يېتىلەپ، بايا رەھبەرلەر كۆرسەتكەن تەرەپكە — ياتاققا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۇزاق تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ياتاقتا ياتىدىغانغا تىزىملاتقانىدى:

— ئۆيىنى سېغىنىپ قالماسمۇ؟ مېنىڭمۇ كۆرگۈم كېلىپ قالىدۇ، مەن چىدىمايمەن ،— دەيتتى ئارزۇگۈلنىڭ ئانىسى ئايشەمگۈل.

— «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپتىكەن، ئەمدى تاقاشقۇچە ئوقۇتۇش قارارىغا كەلگەندىكىن، ياتاقتا ياتقۇزۇپ ئوقۇتايلى. تاماقنىمۇ ھەقسىز بېرىدىكەن. بىرىپ - كېلىپ يۈرۈپ ۋاقتىنى يولدا زايە قىلماي، شۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىش قىلسۇن ،— دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى ئەركىنجان ئەرلەرگە خاس كەسكىنلىك بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن ئارزۇگۈل سەككىز كىشىلىك ياتاققا

ئورۇنلاشتى. بۇ ياتاقتا باشقا يېزىدىن كەلگەن يەتتە قىز بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ بىر - بىرىدىن يېتىرقىشىپ بىر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئاتا - ئانىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئايشەمگۈلدىن تېلېفون كەلدى. ئەركىنجان تېلېفوننى ئېلىپ:

— ھە، ئورۇنلىشىپ بولدى، ئەنسىرىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى - دە، تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، ئاززۇگۈل بىلەن خوشلىشىپ كەتمەكچى بولدى.

ئاززۇگۈلنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. ئۇ دادىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى دادىسىنىڭ مورىسىگە قويغىنىچە يىغلىۋەتتى. بالىجانلىق دادىسىمۇ يىغلاپ تاشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - ئانىلار يىغا - زار ئىچىدە بالىلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئاززۇگۈل ۋە ساۋاقداشلىرى باشقا - باشقا سىنىپلارغا چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، ئۆزلىرى تەقسىم قىلىنغان سىنىپلارغا كىرىپ كېتىشتى. ئاززۇگۈل كىرگەن سىنىپقا ئۆزى كەلگەن يېزىدىن بىرمۇ ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ياش ئەگىشكە باشلىدى. دەرس باشلانغان بولسىمۇ، كاللىسىغا دەرس كىرمىدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى ئاتا - ئانىسى، ساۋاقداشلىرى ۋە ئىلگىرى ئوقۇغان كۆڭۈللۈك مەكتىپىدە ئىدى.

بىراق، نەچارە؟ ئوقۇماي بولمايدۇ. ئۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ، يىغىدىن قۇتۇلدى. يېڭى دوستمۇ تاپتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر كەمتۈكلۈك بار ئىدى. دەرسلەرنى ئىلگىرىكىدەك ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئىلگىرى

سـنىپىنىڭ ئـۆگىنىش ھەيئىتـى ئىـدى. ئـۇ ھەر ئوقـۇش مەۋسۇمىدا ئەلاچى، ئومۇمىي نومۇردا بىرىنچى، ئىككىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى. «ئەمدى قانداق بولار؟ ھېچ زېھنىمنى يىغالمايۋاتىمەن» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا.

ئـۇ شـۇ خىياللار بىلەن مەكتەپ ئاشخانىسىغا كىردى. ئاشخانا ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان بولۇپ، بىر ئېگىز بويلۇق بالا بىلەن ئاشپەز ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

— نېمە بۇ؟ مەن موما سەي يېمەيمەن، مەن پولۇغا ئامراق. نېمىشقا بىزگە پولۇ ئېتىپ بەرمەيسىز؟ — دەيتتى ھېلىقى ئېگىز بالا.

— ئۇكام، كىچىكلا تۇرۇپ تاماق تاللامسەن تېخى؟ تاماق بەرگەندىن كېيىن رەھمەت دەپ يە. پولۇغا ئامراق بولساڭ، ئۆيۈڭگە بېرىپ يە... ئۇمۇ بولۇپ قالا. بىز نۆۋەتلەشتۈرۈپ ھەر خىل تاماقلارنى ئېتىمىز، بۈگۈن مۇشۇ موما سەينى يەپ تۇرغىن، — دېدى ئاشپەز ئۇنى بەزلەپ.

بۇ سەيلىرىڭدە قۇرت يوقتۇ؟

......

«قۇرت» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئاززۇگۈلنىڭ كېلى غىققىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاماقنى يېمەي يېنىپ چىقتى ۋە ياتاققا كىرىپ، ئانىسى قەغەز يەشىككە قاچىلاپ بەرگەن كاكچا ناننى غاجىلاشقا باشلىدى.

ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپ ئاشخانىسىغا كىرەتتى ـ يۇ، بىراق ئۇنى ـ بۇنى يەپ بىقىپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتتە يېنىپ چىقاتتى. چۈنكى، ئۇلار بەزىدە تاماققا سېلىنغان توخۇ گۆشىنىڭ تېرىسىدىكى توخۇ تۈكلىرىنى كۆرۈپ قالاتتى.

ئانىسى قىزىنىڭ ئاچ ـ توق قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا

نــان، قورۇلغــان گــۈش ۋە باشــقا ئۇشــشاق ـ چۈشــشەك يىمەكلىكلەرنــى پـات ـ پـات ئەۋەتىپ تـۇردى. بىـراق، بەزىـدە بــۇلارنى خــاتىرجەم يېگىلــى بولمــايتتى: بىــر كــۈنى ئۇنىــڭ كورىسىنى (ياغ، گۆش بىلەنلا) بىرسى ئوغرىلىۋالـدى. شـۇنىڭ بىلەن ئارزۇگۈل بىر ھەپتىنى تەستە ئۆتكۈزدى.

ئەمـدى بـۇ ياتاقتـا ئوغرى پەيدا بولـۇپ قالغانـدى. بىـر كۈنى ئامانگۈلنىڭ پۇلى يىتىسە، بىـر كـۈنى ئالمىخاننىـڭ مـودا ئىشتىنى يوقاپ كېتەتتى. ئۇلار مۇئەللىمگە دەپ باقتى، بىراق مۇئەللىممۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىقىپ تاپالمىدى. يا ياتاقتـا كـۆزىتىش ئاپپاراتى بولمىسا، يا ھېچ كىشى كۆرمىسە.....

## ئارازلىشىش

ھەپــتە ئاخىرىــدا ئەركىنجــان موتوســىكلىت مىنىــپ ئــارزۇگۈلنى ئــالغىلى مەكـتەپكە كەلـدى. ئـۇ يىـراقتىن قىزىنـى كــۆرۈپ يىغلــۋەتكىلى تــاس قالـدى. چـۈنكى، ئۇنىـڭ قىزىنـى كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قۇچاقلىـشىپ كۆرۈشـتى ۋە شادلىققا تولغان ھالدا ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

ــ ۋاي كەلــدىڭلارمۇ؟ــ ئــۇلار ئــىشىكتىن كىرىــشىگە ئايشەمگۈل ئارزۇگۈلنىڭ ئالـدىغا يۈگـۈرۈپ باردى ۋە قۇچـاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

ئـۆي ئىچىنـى تاماقنىـڭ مەززىلىـك ھىـدى قاپلىغانـدى. ئــارزۇگۈل بىرىــپ «نىمە ئەتتىڭىز؟» دىـگەچ قـازاننى ئـاچتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى، چـۈنكى ئۇلار ئىلگىرى قىزىغا تاماق يېگۈزەلمەي ئاۋارە ئىدى.

ئايــشەمگۈل ئوخـشىتىپ لەڭــمەن ئەتكەنــدى. ئــارزۇگۈل لەڭمەننــى ئىــشتىھا بىــلەن يۇتۇشــقا باشــلىدى. ئــۇ لەڭــمەن

يېمىگىلى بىر ھەپتە بولغانىدى. مەكتەپتە ساپلا گاڭپەن، پولۇ، موما سەي، سۈيۇقئاش، شوۋىگۇرۇچ بېرەتتى. ئۇ بۇ تاماقلارنى يەۋېرىپ، كۆڭلى باشقا تاماقلارنى تارتىدىغانمۇ بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا ئۇ تاماقلاردىن نانىنى ئەلا بىلىپ، دائىم نان يەيتتى، ھەپتە ئارىلىقىدا دادىسى بەرگەن پۇللارغا ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يەيتتى. ئۆيدىكىلەر سورىسا «تاماق ئېلىپ يېدىم» دەپ قوياتتى. باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مەكتەپ تامىقىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى.

— دادا، ئانا، مەن ياتاقتا ياتمايمىكىن. مەكتەپكە ئۆيدىن بارسام، — دېدى ئارزۇگۈل تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن.

— نېمىشقا؟ — ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى ھەيران بولۇپ تەڭلا سوراشتى.

— پەقەت كۆنەلمىدىم، ئانام ئەتىكەن تاماققا بەكلا كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، تاماقتىن قىينىلىدىكەنمەن. ياتاقنىڭ تېخى مەرى سوغۇق، ياتقۇم كەلمىدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ بالام؟ بىز كىچىك چېغىمىزدا ئۈچ ۋاق نان يەپمۇ ئوقۇغان. ناچار بولسىمۇ ئۈچ ۋاق ئىسسىق - ئىسسىق يەيسىز. بىرىپ كېلىشتە بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالسىڭىز قانداق قىلىمىز؟ ئۈنىڭ ئۈستىگە توكلۇق ۋېلىسىپىت ئالغۇدەك پۇلمۇ يوق، تولا غەلۋە قىلماي يېتىۋېرىڭ، — دېدى ئايشەمگۈل. ئەركىنجانمۇ ئايالىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئارزۇگۈل لام - جىم دېيەلمەي، ئاستا سومكىسىنى ئاختۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇندى. سىڭلىسى ئايزىرەم ئاستا كېلىپ ئاچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاچىسىغا يالۋۇرۇپ:

— ئاچا، ماڭا ماقالە يېزىپ بەرگىنە، تاپشۇرۇق بەرگەنىدى ، — دېدى.

— ئۆزۈڭ ياز، مەن يېزىپ بەرسەم سەن ئۆگىنەلەمسەن؟

— مەن يا يازالمىسام، — دەپ تومشۇقىنى ئۇچلىدى ئايزىرەم.

— يېزىپ بېرىگە قىزىم. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە خەتتىن تۈزۈك ساۋادىمۇ بولمىسا، مۇشۇ كەمگىچە كىتابىنىمۇ شار-شۇر ئوقۇيالمايدۇ. ساۋادى تۈزۈك چىقمىغاندىكىن، بىچارە بالىغىمۇ ئامال يوق، يېزىپ بېرىگە مەيلى ، — دېدى ئايشەمگۈل.

شۇنداق قىلىپ، ئارزۇگۈل سىڭلىسىنىڭ ماقالە تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسىمۇ ئۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئۆيدىن چىقمىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. تېلېۋىزورنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك زوقلىنىپ كۆرۈپ ئولتۇرۇۋاتاتتى.

يەكشەنبە كەچمۇ بولدى. ئەركىنجان ئارزۇگۈلنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن تەييارلاندى، ئايشەمگۈلمۇ قىزىنىڭ بىر ھەپتىلىك نان ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلىرى قاچىلانغان سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئارزۇگۈل بىرسى باغلاپ سۆرۈگەندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن دادىسىغا ئەگەشتى ۋە تۇرۇپلا بۇرۇلۇپ ئانىسىغا قاراپ:

— ماڭا 50 كوي بېرىڭ، تاماق ئېلىپ يەيمەن ، — دېدى.

بۇ گەپنىڭ تارتىنچاق، ياۋاش ئارزۇگۈلنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنىغا ئىشەنمىگەن ئايشەمگۈل قىزىغا سىنچىلاپ

قارىدى. مۇشۇ كەمگىچە ئۆزى پۇل بەرمىسە «پۇل بېرىڭ» دېمەيدىغان، كېيىمنىمۇ نېمە ئېلىپ بەرسە شۇنى كىيىدىغان ئارزۇگۈلنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ كەمگىچە ھەر ھەپتىدە 10 يۈەن بەرسە گەپ قىلماي ئېلىپ كېتەتتى.

— بالام، ئۇنداق خەجلىگىلى تۇرسىڭىز، تاغىمۇ توشىماس سىزگە. تاماق ھەقسىز تۇرسا، شۇنى يېمەي، نېمە قىلىسىز پۇلغا ئېلىپ يەپ؟

— بەرمىسىڭىز بېشىڭىزغا تېگىۋېلىڭ، ئاچلىقتىن ئۆلسەم تېزرەك قۇتۇلارسىز مەندىن......

— ئاھ! بۇ نېمە كارامەت؟ ئاسمان چۆرگۈلەۋاتامدۇ ـ يەرمۇ؟ ياكى مەنمۇ؟ — ئايشەمگۈلنىڭ بايىقى ھەيرانلىقى نەچچە مىڭ ھەسسىلىنىپ، بېشى قېيىپ كەتتى. بىر ئېسىل قىز بىشەمگە ئايلانغانىدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئانىڭىزغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسىز؟— دەپ ۋارقىرىدى ئەركىنجان. ئەركىنجاننىڭمۇ قىزىغا تۇنجى قېتىم قاتتىق گەپ قىلىشى ئىدى.

ئارزۇگۈل پاكىتىدە يىغلىۋەتتى ـ دە، دادىسىغىمۇ قارىماي، پىيادە ماڭغىلى تۇردى. ئەركىنجان يىغلاۋاتقان ئايشەمگۈلگە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، موتوسىكلىتنى ھەيدەپ ئارزۇگۈلنىڭ كەينىدىن يەتتى.

— قىزىم، چىقىڭە موتوسىكلىتقا،— دېدى سىپايىلىق بىلەن.

بىراق، ئارزۇگۈل ھېچ گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئارزۇگۈل ناھىيە تەرەپكە كېتىۋاتقان بىر تاكسىنى توسۇپ، دادىسىغا قاراپمۇ قويماستىن كېتىپ قالدى. ئەركىنجان ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# چاتاق چىقتى

بۈگۈن چوڭ يىغىن ئېچىلماقچى ئىدى. ھەر پەيشەنبە يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئوقۇتقۇچىلار بىلىسمۇ، بىراق بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىغىنغا چوقۇم قاتنىشىشى كېرەكلىكى، قاتناشمايدىغانلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش زالدىكى قارا دوسكىغا چاپلاپ قويۇلغانىدى.

بۇ چاغقىچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتنىشالمايدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىشلىرىنى تاشلاپ، يىغىنغا قاتناشتى. زال ئىچى ئادەم دېگۈدەك ئايلانغانىدى.

ھەممەيلەننىڭ يۈزىكى جىددىي سىلىشقا باشلىدى. كۆپچىلىكنىڭ كاللىسىدا «نېمە ئىشتۇ؟» دېگەن سوئال ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىر يىغىن باشلاندى.

مەكتەپ مۇدىرى دەسلەپتە دائىملىق خىزمەتلەر توغرۇلۇق بەزى كۆرسەتمىلەرنى بەردى، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا:

— بۈگۈنكى يىغىنىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، مەكتەپنىڭ مال - مۈلكىگە قەستەن زىيان سېلىۋاتقانلارنى تېپىپ چىقىش. زادى كىم شۇنداق قىلىشقا پېتىنىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدىلا چوڭ - كىچىك ئىشىك - دېرىزىلەرگە 20 مىڭ يۈەنلىك ئەينەك سېلىپ بولدۇق. كۆزنىنش ئاپپاراتى ئورنىتىپ باقتۇق، شۇ كۆزنىتىش ئاپپاراتىنىمۇ بۇزۇپ، ساڭگىلىتىپ قويۇپتۇ. تۈنۈگۈن ساقچىخانىدىكىلەر كەپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار خەلق مەيدانىدىكى يورۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى چېقىۋېتىپتۇ. بۇ نېمە دېگەن قاپ يۈرەكلىك! بىراق، زادى كىملىكىنى ئېنىقلىيالماپتۇ.

مەيدانىدىكى كىشىلەرنىڭ دىيىشىچە، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. قانداق قىلىمىز؟ ئۇلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىدە مۇشۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ نېمە ئۇچۇن مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلمايسىلەر؟ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى كىتابتىكى مەزمۇننى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشلىمۇ؟ ئەجەبا، خەلقىمىز پەخىرلىنىدىغان بۇ كەسىپتىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مۇشۇنچىلىكلا بولسا بولامدۇ. توغرا، باللار خاتا قىلغان، بىراق ئۇلارغا توغرا بىلەن خاتانى ھەقىقىي تونۇتىدىغانلار بىز ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ھازىر كىچىك، ۋاقتىدا توغرا يولغا يېتەكلەنمىسە، ئۇلار كەلگۈسىدە زادى قانداق كىشىلەردىن بولۇپ قالار ـ ھە! شۇڭا، بىز ئۆزىمىزگە ئوبدانراق سوئال قويۇپ باقايلى، بىزدىكى بۇرچ زادى نېمە، ياخشىراق دەڭسەپ كۆرەيلى!

مەكتەپ مۇدىرى سۆزلىمەكتە، قايناپ سۆزلىمەكتە. شۇ تاپتا مەكتەپ مۇدىرىنىڭمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ يۈرىكى ھاياجانلىق سوقماقتا ئىدى.

«چاتاق چىقتى، ھەقىقەتەن چاتاق چىقتى. بۇ نوقۇل ئەيىنەك چېقىش ئەمەس، چېقىلغان ئەينەك ئەمەلىيەتتە بىر سىمۇول. ئوقۇغۇچىلار ئەينەكنى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى چاقماقتا. ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكى ئۇلارنىڭ ئىسسىق ئۆۋنىسى ئىدىغۇ؟...... قايسى كۈنى بىر ئوقۇغۇچى دەرس ۋاقتىدا QQغا چىقىپ ئويناپتىكەن، دەرس ئۆتۈۋاتقان ئايال ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوقۇغۇچى كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ «خەپ» دەپتۇ ـ دە، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ قاناتلىرىنى بۇزۇۋېتىپتۇ، ھەتتا جەمئىيەتتىكى ئاغىنىلىرىنى

ئىشقا سېلىپ ئۇ ئوقۇتقۇچى كەچلىك مۇزاكىرىگە ماڭغاندا يىقىتىۋېتىپتۇ. ھېلىقى بالىغا مەكتەپتە ھېچقانداق ئوقۇغۇچى چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەسىمىش، چۈنكى ئۇنىڭ جەمئىيەتتە بىر توپ لۈكچەك ئاغىنىلىرى بارمىش. بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ بالىنى قۇتقۇزۇش كېرەك، ئەمما زادى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇش كېرەك؟ چاتاق چىقتى، راستىنلا چاتاق چىقتى. بۇ ئۇنداق ـ مۇنداق كىچىك ئىش ئەمەس. راستىنلا چاتاق چىقتى، چاتاق...... چاتاق......» مەريەم مۇئەللىمنىڭ كاللىسىدا شۇ خىياللار ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

مەريەم مۇئەللىم خىيالغا قاتتىق چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن، ئاغزىدىن «چاتاق...... چاتاق......» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى.

ئەتراپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتى.

## ئىمتىھان

چارەكلىك ئىمتىھان ئالدىدىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتتى.

ئەتىگەندىلا سىنىپ مەسئۇلى مەريەم مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. سىنىپ تىمتاسلىققا چۆمدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، بىر بوش ئورۇنغا تىكىلدى.

— ئالىم قېنى؟

— ئۇ يەنە بازارغا كەتتى. سەھەردىلا چىقىپ كەتكەن، — دېدى ياتاقدىشى تۇرغۇن.

مەريەم مۇئەللىمنىڭ بېشى قايدى. تېخى ئىككى كۈن

بۇرۇن ئۇنى دىسكوخانىدىن تېپىپ كەلگەن. زىمىستان قىشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك گەپلەر بىلەن تەربىيە بەرگەن، ھەتتا تولۇقسىز 3- يىللىقنى پۈتكۈزسە كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلەرنى ئۇقۇشۇپ بەرمەكچىمۇ بولغانىدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەمدى ياخشى ئۇقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ۋەدىمۇ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇپ، دادىسى يىراق بىر شەھەرگە پۇل تاپقىلى كەتكەن، ئانىسى بولسا شۇ ئاجراشقانچە بالىسىنى ئىزدەپمۇ قويمىغانىدى. ئالىم ھازىر 72 ياشقا كىرىپ قالغان مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. مومىسى تالا - تۈزگە جىق چىقالمىغاچقا، ئالىم سەل يامان ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئالدىنقى ھەپتە يوقلىما قىلىۋېتىپ يوقلۇقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، سۈرۈشتە قىلدى، باللارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى. مەريەم مۇئەللىم ئالاقە خاتىرىسىنى ئاختۇرۇپ، شۇ يېزىنىڭ مائارىپ خىزمەتچىسىگە تېلېفون ئۇردى. مائارىپ خىزمەتچىسى بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۆيىدە يوقلۇقىنى، مومىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەريەم مۇئەللىم باللارنىڭ گۇمانى بار جايلارنىڭ ھەممىسىگە باردى، ھەتتا ئۆمرىدە كىرىپ باقمىغان بەزمىخانىغىمۇ كىرىپ قاراپ باقتى. ئىزدىمىگەن ھېچ يېرى قالمىدى.

مەريەم مۇئەللىم ئالىمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىك ئىشىنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە، مەكتەپ ساقچىخانىسىغا، شۇنداقلا مومىسىغىمۇ خەۋەر قىلدى. مەكتەپ ئالىمنى ئىزدەشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئىز - دېرەكى بولمىدى. مەريەم مۇئەللىم تىت - تىت بولدى، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئالىمدىلا ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى

كەچتە مەريەم مۇئەللىم كوچىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئالىمنى بىر دېسكوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئاستا ئالىم تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئالىم مەريەم مۇئەللىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. مەريەم مۇئەللىم ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— ھە، ئالىمجان، بارمۇ سىز؟ ئەجەبمۇ ئەنسىرەتتىڭىز، نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ يەردە، مۇشۇ دېسكوخانىدا ياتتىم شۇ، — دېدى ئالىمجان قىلچە تارتىنماستىن.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— تازىلىق قىلىشىپ بەردىم شۇ .

— يۈرۈڭە كېتەيلى، سىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى مەريەم مۇئەللىم مېڭىشقا تەمشىلىپ.

ئالىم يېنىدىكى چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، غەلىتە ياسىنىۋالغان ئىككى دوستىغا قاراپ ھىجىيىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، مەريەم مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مەريەم مۇئەللىم ئالىمنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ قۇيقا چېچى تىك تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆرمەسكە سېلىپ مېڭىۋەردى. ئالىمغا ئەڭ چىرايلىق گەپلەر بىلەن تەربىيە بېرىپ، ئۇنى ياتاققا ئەكىرىپ قويۇپ ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

مانا، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا يەنە يوق.

مەريەم مۇئەللىم بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

— ئىككى كۈندىن كېيىن چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. 22 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق 2- يىللىق 17- سىنىپقا چىقىدۇ. قالغانلار مۇشۇ سىنىپتا قالىدۇ. بۇ سىنىپقا تولۇق 2- يىللىق

17- سېنتەبىرنىڭ 22 نەپەر ئوقۇغۇچى كىرىدۇ. ئىمتىهانغا ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
ئوقۇغۇچىلار غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر: «ئەجەب بىر مەكتەپكىنا بۇ، كىچىككىنە چارەكلىك ئىمتىهانىنىمۇ هاشەم تۈزۈپ ئالىدىغان» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئەمدى ياردەمگە تايىنىپ ئۆتىدىغانلار قانداقمۇ قىلار؟ تۇگەشتى- دە، ئۇلار» دېيىشىپ كەتتى.
ئارزۇگۈلمۇ ئىچىدە بىر غەمدىن قۇتۇلغاندەك بولدى. بۇرۇنقى مەكتىپىدە چارەكلىك ئىمتىهانىنىمۇ هەرقايسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزلىرى ۋاقىت چىقىرىپ ئېلىۋالاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىهاننى ئىككىدىن ئولتۇرۇپ بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈشۈپ بېرەتتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىهاندا بولسا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىشتە ناچار ئوقۇغۇچىغا ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىدىن بىرنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئىمتىهاندىن ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلاتتى.
ئارزۇگۈل بەكمۇ قىينىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا «هۆددىگە بېرىلگەن» قىز ساۋاتسىز بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن باشقا خەتنى يازالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئارزۇگۈل ئۆزىنىڭ قەغىزىنى يېزىپ بولۇپ، هېلىقى ساۋاتسىز قىزنىڭ قەغىزىنى ئالماشتۇرۇپ يېزىشقا باشلايتتى. كومىسسىيەلەرنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىم ئىسمىنى يازماي، ئاخىرىدا يېزىشنى تەكىتلەيتتى. ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئارزۇگۈلنىڭ يۈرىكى سىيلىپ دۈپۈلدەپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، يېنىدىكى ساۋاتسىز قىزمۇ ئىمتىهاندىن ئۆتەتتى، بەزىدە تېخى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئارزۇگۈل بەكمۇ غەلىتىلىك، ناهەقچىلىك هېس قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ كېتەتتى.ئەمما،نېمە ئامال؟يا مۇئەللىم

دېگەنگە ئاچچىقلىغىلى بولمىسا؟!

ئۇ بۇ مەكتەپكە كېلىپ رازى بولغان، ئەڭ ياقتۇرغان تۈنجى ئىشى مۇشۇ ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى بولدى. بىراق، رازى بولمىغان يېرىمۇ بار ئىدى. قايسى دېگەندە، بۇ يەردە 50 — 60 بالىنى بىر سىنىپقا سامان تىققاندەك قاچىلاپ، دوسكىنىڭ ئالدىغىچە پارتا ـ ئورۇندۇق قويۇپ قويىغاچقا، دەرس مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كىرەي دېسىمۇ تېز ـ تېز چامداپ كىرەلمەيتتى، شۇڭا يېنىچە بولۇپ مەشغۇلەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. دەرس سوراش، سوئال سوراش نۆۋىتى 2 — 3 سائەتتە ئاران بىر كېلەتتى. ئىلگىرىكى مەكتىپىدە ھەربىر سىنىپتا 20 نەچچىدىن ئوقۇغۇچى بولغاچقا، سىنىپ ئىچى ئازادە، رەتلىك ئىدى، بىر سائەتلىك دەرستە ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراپ ئۈلگۈرەلەيتتى. ئارزۇگۈل دائىم دېگۈدەك ئىككى مەكتەپنى سېلىشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن ئوقۇتۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بۇ مەكتەپتىن رازى بولمايمۇ تۇرالمىدى. رازىلىق دەرىجىسى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. بۇ يەردە ئاسانلىقچە دەرس ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىنمايتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ دەرسنى شۇنداق ياخشى ئۆتەتتى. ئوقۇتۇش خىزمىتى شۇنداق چىڭ تۇتۇلاتتىكى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئالدىراشلىقىدىن كارىدوردا قالايمىقان ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەيتتى، دەرسكە كېچىكمەي كىرىشكە تىرىشاتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈزۈمى بەكلا قاتتىق ئىدى، ئوقۇغۇچىلارمۇ مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئارزۇگۈلنىڭ بۇرۇن بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا ئوقۇغان كەپسىز ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ نەتىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى

يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئاڭلىشىچە، ھەر يىلى دېگۈدەك ئوبلاست بويىچە ئەلىيۇلئەلا مۇشۇ مەكتەپتىن چىقىدىكەن. شۇڭا، بۇ مەكتەپنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان قوشنا ناھىيەدىكى كىشلەر بالىلىرىنى ئەكېلىپ ئوقۇتۇۋېتىپتۇ.

بۇ ئۆگىنىش ئۇچۇن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقەتەن بىر تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار بۇنداق تېپىلغۇسىز ياخشى ئوقۇتۇش مۇھىتىنى قەدىرلەپ، كۈندىن - كۈنگە ئالغا بېسىۋاتاتتى. ئەمما، ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى...... ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى، يەنىلا قاتمال پېتى قىلىۋەردى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستىلىغىمۇ بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى......

## بالا ئىزدەش

تۈيۇقسىز ئارزۇگۈلنىڭ بېشى قېيىپ يىقىلىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن ساۋاقداشلىرى مەريەم مۇئەللىمنى چاقىرغىلى يۈگۈردى.

ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىغا كىرگەنىدە مەريەم مۇئەللىم تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئالىمنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، دەرسلىك پىلانلىرىنىڭ ئالدىن تۈزۈلگەنلىرى توگەيلا دەپ قالدى، تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغان تاپشۇرۇقلىرىمۇ دۆۋىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرسى يوق ۋاقىتلاردا ئاساسەن بازاردىكى گۇمانلىق جايلارنى ئىزدىدى. ئازراق ئىز - دېرىكى بولۇۋىدى، شۇڭا ئۇ تېلېفوندا شۇ توغرىسىدا خەۋەر بەرگۈچى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مۇئەللىم، ئارزۇگۈل ھوشىدىن كەتتى! — چىرقىراق ۋە جىددىيلىك قاپلىغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن مەريەم مۇئەللىم چاقىرغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەينىدىن ئوقتەك يۈگۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ، يىرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

مەريەم مۇئەللىم ئارزۇگۈلنى غەلۋىر شەكلىدە ئورىۋالغان ئوقۇغۇچىلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئارزۇگۈلنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئارزۇگۈل مۇزدەك تەرلەپ، ھوشسىز ياتاتتى. مەريەم مۇئەللىم جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون ئۇردى. ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتتى، جىددىيچىلىكتە زادى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ھايال ئۆتمەي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەلدى. ئۇلار ئارزۇگۈلنى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا سالدى، مەريەم مۇئەللىم بولسا بېشىنى يۆلەپ ئولتۇردى.

ئۇلار جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردى. دوختۇر، سېستىرالار تېزدىن تۇتۇش قىلىپ، ئارزۇگۈلنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى......

ئارزۇگۈل ئاخىر ھوشىغا كەلدى.

مەريەم مۇئەللىمنىڭ كۆز ياشلىرى كۆز جىيەكلىرىگە يامرىغانىدى، مۇئەللىم بىلەن بىرگە كەلگەن ئۆگىنىش باشلىقى دىلبەرمۇ يىغلاپ تاشلىغانىدى. ئارزۇگۈل ئۇلارغا قاراپ بوشقىنە كۈلۈمسىرىدى.

ئارزۇگۈلنىڭ ھوشىغا كېلىپ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرگەن مەريەم مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ئارزۇگۈلنىڭ دادىسىغا تېلېفون ئۇردى. ئارزۇگۈلنىڭ دادىسى كەلگەندىن كېيىن، مەريەم مۇئەللىم دىلبەر بىلەن مەكتەپكە قايتتى.

مەريەم مۇئەللىم ئۈستىلىگە دۈۋىلىنىشىپ كەتكەن

جەدۋەللەرنى كۆرۈپ بېشى قاتتى. بۇ جەدۋەللەرنىڭ بەزىلىرى بوْگوْنلا، بەزىلىرى ئەتە تاپشۇرىدىغان جەدۋەللەر ئىدى. ماۋۇ كەچتە تارقىتىشقا تېگىشلىك تاپشۇرۇقلارچۇ تېخى!

مەريەم مۇئەللىم بوْگوْن تاپشۇرمىسا بولمايدىغان جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقا ئەمدى تۇتۇش قىلىۋىدى، تېلېفونى سايرىدى. ئۇ تېلېفوننى ئالدى.

— مەريەم مۇئەللىم، تېز كېلىڭ، مەن ئالىمنى تاپتىم. ئۇ بەيخې مەيخانىسىدىكەن. بىر - ئىككى ئادەم باشلاپ كېلىڭ.

مەريەم مۇئەللىم تولدۇرۇۋاتقان جەدۋەللەرنى تاشلاپلا يوْگوْردى-دە، بايا تېلېفون ئۇرغان سودا سارىيىنىڭ قوغداش خادىمى ناسىرجاننىڭ يېنىغا ماڭدى. يولدا ماڭغاچ مەكتەپ قوغداش بوْلوْمىگىمۇ تېلېفون ئۇردى، ئۇلار بىر قوغداش خادىمىنى ئاجرىتىپ، مەريەم مۇئەللىم بىلەن بىرگە يولغا سالدى. بۇ ئىشتىن ھەتتا مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرىمۇ خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇلگوْرۇپ سودا سارىيىغا باردى. سىرتقى زال بىلياتخانا بولۇپ، 10 نەچچە بىليارت تاختىسى قويۇلغان، ئەتراپىدا چوڭ - كىچىك نۇرغۇن كىشىلەر بىليارتنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ كىچىكى 11 — 12 ياش، چوڭى 50 — 60 ياشلاردا ئىدى. مەريەم مۇئەللىم كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەريەم مۇئەللىم ۋە ئىلمىي مۇدىر شۇنداق كۆروْنۇۋىدى، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى، مەريەم مۇئەللىملەرنىڭ تۇتۇپ قالالىغانلىرى ئون نەچچە بالا بولدى، بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىم كۆروْنمەيتتى.

شۇ ئارىدا ئېگىز بويلۇق، چاچلىرىنى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە كۆپتوْرۈپ ياسىتىۋالغان بىر ئوغۇل بالا:

— مۇئەللىم، ئاۋۇ ئىشكتىن كىرسىڭىز ئىچىدە نۇرغۇن

ئۆيلەر بار، — دېدى.

مەريەم مۇئەللىم قوغداش خادىمى بىلەن ھېلىقى بالا كۆرسەتكەن ئىشىك تەرەپكە باردى. نەدىمۇ ئىشىك بولسۇن، تار، قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن كارىدور كۆرۈندى. نېرىسىدا نېمە بارلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مەريەم مۇئەللىمنى سەل سۈر باستى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھېلىمۇ ياخشى ئىلمىي مۇدىر بىلەن قوغداش خادىمىمۇ كەپتىكەن» دەپ ئويلىدى.

مەريەم مۇئەللىم يان تېلېفونىنى ئېلىپ چىرىغىنى ياندۇردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇغاندەك بولدى. ئۇ ئۇستىنگە قارىۋىدى، دېرىزىلەر قەغەز يەشىك ۋە قەغەز تاختىلار بىلەن توسۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلار ئوڭ تەرەپكە قارىۋىدى، ئىشىكسىز بىر تارچۇق كۆرۈندى. سول تەرەپتىمۇ شۇنداق تارچۇق كۆرۈندى. شۇ تاپتا مەريەم مۇئەللىمنىڭ ئېسىگە «لەخمە ئۇرۇشى» ناملىق فىلىمدىكى لەخمىلەر كېلىپ قالدى. قاپقاراڭغۇ، تار، ئۇزۇن كارىدور، تارچۇق-تارچۇقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىنكى كاتەكتەك كىچىك - كىچىك ئۆيلەر، ئۆيلەردە قويۇلغان ئەبجەقى چىققان، كىرلەشكەن كىچىك ئۇستەللەر بىلەن تار، ئۇزۇن سافالاز......

ئۇلار ئاخىر كارىدورنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر ياتاقتا ئادەم بارلىقىنى بايقىدى. گۇپپىدە پۇرىغان ئاجايىپ قاڭسىق دىمىق ۋە سېسىق پۇراق ئۇلارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. مەريەم مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ يەر خۇددى تېرە ئاشلاش ئۆيىدەك پۇراپ كەتكەنىدى. پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەكمۇ بوش يېرى يوق بۇ توخۇ كاتىكىدەك ئۆيدىكى بىر كىشىلىك كارىۋاتتا ئالىم پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتتى. بۇ دەرگاھتا ئالىمدىن بۆلەك ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بەكلا پۇشۇلداپ كەتكەنىدى.

مەريەم مۇئەللىم ئىشكنى يېپىپ، كارىدورغا چىقىپ تۇردى. ھېلىقى قوغداش خادىمى ئالىمنى ئويغىتىپ چىقتى. ئالىم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كارىدورغا چىقتى. مەريەم مۇئەللىم ئالىمغا سەپسالدى. ئۇستىبېشىغا يېلىڭ، كىر كىيىملەرنى كىيگەن، چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپايغان، گەدەنلىرى، بويۇنلىرىنى توگرا بېسىپ كەتكەن، قاپاقلىرى ئىششىپ، يۈز تېرىلىرى سولاشقان ئالىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى مەست ئادەمدەك خامۇش ھالەتتە تۇراتتى.

مەريەم مۇئەللىم ئەسلىدە: «ئەگەر تېپىۋالسام، تىللاپ، ئادەم بولغىنىغا، قىلغان ئەسكىلىكىگە تويغۇزۇۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئالىمنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىگە قاراپ قاتتىق ئېچىندى ھەم ئىچى ئاغرىدى. «يەنىلا بالا ئەمەسمۇ، بولدىلا، بىر كۈنى ئادەم بولۇپ قالار.»

ئۇنىڭ يەنە يۈرىكى يۇمشاپ، غەزەپلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ئۇلار سىرتقا چىقتى. چىقىپلا سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئالدى. شۇ چاغدىلا ئۇلار ساپ ھاۋانىڭ ئاجايىپ لەززىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شۇ ئارىدا مەكتەپ رەھبەرلىرىمۇ يېتىپ كەلدى ۋە مەريەم مۇئەللىمدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىليارتخانىدىكى ئون نەچچە بالىنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭدى. مەريەم مۇئەللىم مەكتەپ رەھبەرلىرى ھەممىدە ئۇچەيلەننىڭ يېتەكچىلىكىدە باللارنى ئېلىپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى ۋە مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردى. مۇدىر ئىشخانىسىدا ئىككى ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇلار بايىقى باللاردىن بىرەر قۇر سوئال سورىغاندىن كېيىن، ئالىمنى ئېلىپ قالدى ۋە ساقچىخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەريەم مۇئەللىم ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇنىڭ

كاللىسىدا قوغداش خادىمىدىن ئىككىسىنىلا ئەۋەتسە بالىلارنى مەكتەپكە ئەكېلەلەرمەنمىكىن دېگەن خىيال بار ئىدى، ئاندىن ئۇ باشقا سىنىپ بالىلىرىنى سىنىپ مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇۋېتىپ، ئالىمنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ راۋۇرۇس تەربىيە بەرمەكچى بولغان.

ئۇ تولىمۇ ئاددىي ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى پاتىپاراقچىلىقتا سېلىۋەتكىنىگە ھەيران قالدى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئۆگىنىش ھەيئىتى دىلبەر كىرىپ كەلدى ۋە بىر كېسەللىك ئىسپاتىنى تەڭلەپ:

— مۇئەللىم، ئارزۇگۈلنىڭ ئاق قان دانچىلىرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، قان بېسىمىمۇ بەكلا تۆۋەن، بالنىستتا ياتقۇدەك، بۇنى دادىسى ئەكەپتۇ، — دېدى.

مەريەم مۇئەللىم ئىشخانىدىكىلەرنىڭ تۇشمۇتۇشتىن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئەخلاق تەربىيە مۇدىرى تېلېفون ئۇرۇپ، ئالىمنى ئەكېتىشنى ئېيتتى. مەريەم مۇئەللىم ئەخلاق تەربىيە بۆلۈمىگە بېرىپ ئالىمنى ئەكەلدى ۋە ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ، بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەر بىلەن تەربىيە بەردى. ئەتراپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا تەربىيە بەردى. ئالىم بېشىنى لىڭشىتىپ تەربىيەنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىردەمدىن كېيىن ئەخلاق تەربىيە مۇدىرى مەريەم مۇئەللىمنىڭ كادىرلار ئىدارىسىگە بېرىپ ئالىمنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى. مەريەم مۇئەللىم ئالىمنى ئېلىپ كادىرلار ئىدارىسىگە باردى. ئىشخانىدا 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ياش بىر ئوغۇل بالا كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇراتتى. سافادا بولسا ئېگىز بويلۇق، سومباتلىق، پوزۇر كېيىنگەن، پاكىز چىراي 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۈشىرەپ (خاپا چىراي) ئولتۇراتتى. مەريەم مۇئەللىم ھېلىقى

ياش بالىغا كىلىش مەقسىتىنى ئېيتتى.
— ھە، سىزمىدىڭىز، مۇئەللىم. ماۋۇ ھېلىقى بىلىيارتـ ـخانىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. بىز ئالىمنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ بەردۇق، كىچە - كۈندۈز ئىشلەپتۇ. يەنە ماۋۇ خوجايىنغا 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. مەجبۇرىي مائارىپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنى ئىشقا سالغان، يەنە نۇرغۇن قانۇنسىز ئىشلىرى باركەن. ئەمما، بىز يەنىلا سىزنىڭ بالىغا تەربىيەنى كۈچەيتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.
مەريەم مۇئەللىم ناھايىتى بىئارام بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىدا ئولتۇرغان غوجايىنغا قاراپ ھەيران قالدى. بۇ پۈزۈر كىيىنگەن غوجايىننى ئاشۇ مەينەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن بىلىيارتخانىنىڭ غوجايىنى دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟
شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۇلنى ئېلىپ قايتتى.
مەريەم مۇئەللىم نەچچە كۈنگىچە دەككە - دۈككىدە يۈردى، خۇددى ھېلىقى غوجايىنغا 10 مىڭ يۈەن زىيان سالغىنى ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئۆچ ئالىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولدى. يولدا ماشىنىمۇ پات - پات كەينىگە قاراپ قويىاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 18 يىلدىن بېرى بۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم يولۇقۇشى ئىدى. «يەنە نېمە كۈنلەر باركىن ماڭا؟» ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن بېرى ئىزچىل سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن، نەچچە قارار سىنىپلارنى شۇنداق ئوبدان نەتىجىلەر بىلەن قولدى چىقارغان، نەچچە قېتىم مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ تەقدىرلەنگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان نېمە كۈنلەر بۇ؟ شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن كەچ بولدى. مەريەم مۇئەللىم ئالىمنى سىنىپ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ، ياتاقتا كۆز - قۇلاق بولۇشنى ئالاھىدە جېكىلىدى.

ئەتىسى مەريەم مۇئەللىم ئىشقا كەلدى. قارا دوسكا ئەتراپىغا توپلىشىپ، دوسكىغا چاپلانغان ئۇقتۇرۇشلارغا قاراۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ ئىتتىك باردى-دە، جىددىي كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. يۇقىرىغا يوللىنىدىغان جەدۋەللەرنى ۋاقتىدا يوللىمىغانلارنى تەنقىدلەپ يېزىلغان ئۇقتۇرۇشتا ئۇنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىسمىلىرىنىڭ ئاشۇ دوسكىغا چىقىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقۇيتتى. بىراق، نېمە ئامال؟ باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق. شۇنچە تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا يېتىشىپ بولالماي، ئىسمىڭىز قارا دوسكىغا چىقسا يەنە نېمە ئامال بار دەيسىز؟

— مەريەم مۇئەللىم، ئۆزىڭىزگە ئىش تاپىدىكەنسىز. نېمە قىلاتتىڭىز ئۇنداق باللارنى سىنىپقا ئەكىلىپ. بىر سىپىق مىڭنى سېسىتىدۇ دەپ، ئاشۇ بىر بالىنىڭ كاساپىتى بىلەن پۈتۈن سىنىپ كوللېكتىپى مۇنەۋۋەر بولالمايدۇ، يەنە سىنىپىڭىزدىن نومۇر تارتىلىپ، بايراق ئالالمايدىغان بولدىڭىز، — دەيتتى ئىشخانىدىكىلەر.

— ئىلگىرى مەنمۇ سىزدەك ئويلايتتىم. ئالدىنقى قارارلاردا ئوقۇتقان بىر ئوقۇغۇچۇم تولۇقسىزنىمۇ پۈتكۈزمەي مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەنىدى. 2 — 3 يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا بىر ئوغرىلىق دېلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ تۈرمىگە كىردى. قاتتىق ئازابلاندىم. شۇندىن بېرى مۇشۇنداق قارارغا كېلىپ، بىر بالىنىمۇ مەكتەپ سىرتىدا قويماسلىققا تىرىشىۋاتىمەن. بىر بالىنى بولسىمۇ مەكتەپ قوينىغا ئەكىرسەم، تۈرمىگە كىرىدىغان، جەمئىيەتكە يۈك بولىدىغان بىر ئادەم بولسىمۇ ئازىيامدىكىن دەيمەن. ئۇلار بىلمىسىز، نادان ھالەتتە جەمئىيەتتە يۈرسە، ھامان ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئۇلار بىلىمسىز قىلىۋەرسە، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرسا، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولارمۇ!؟ بايراق ئالالمىسام مەيلى، بايراقنى ئۆزەمگە ئۆزەم تەقدىم قىلىمەن، — دەيتتى مەريەم مۇئەللىم بىئارام بولغان هالدا.

مەريەم مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىشقا باشلىدى. ئاغزىدا قايسىبىر كىنودىن، قايسىبىر كىتابتىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە «بۇ قانچىلىك ئىشتى؟» دېگىنى بىلەن، بىراق ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن پارلاپ كەلگەن، پەقەت ۋە پەقەت غالىبلىق هۆكۈم سۈرىدىغان ۋۇجۇدى يېقىمسىز سىلكىندى. بۇ سىلكىنىش ئۇنىڭ شەرەپ بىلەن تولغان تارىخىنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ ئۈمىدسىزلىكنىڭ كەينىدە ئۆز قۇۋۋىتى، ئۆز جەمئىيىتىگە نىسبەتەن شۇنداق غالىبانە ساداقەت، بىر ئىشەنچ نۇرى پارلاپ تۇراتتى.

## بالىنىستىن چىقىش

بۈگۈن ئارزۇگۈل بالىنىستىن چىقتى. ئۇنىڭ ئىششىغان قاپىقى، بىرئاز چۈشۈلغان چېچى، ماغدۇرسىز بەدىنى ئۇنىڭ هازىرلا مەكتەپكە بارالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا مەكتەپكە بارالمايدۇ. مانا، دادىسى رەسمىيەتلەرنى ئۆتئۈۋېتىپ كىرسىلا ئۇلار ئۆيىگە قايتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان سېغىنغان ئۆيىگە كېتىش ئارزۇسىمۇ تازا يوق، مەكتەپكە قايتقۇسىمۇ يوق. ئۇ خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن هەر ۋاقىت نېرى كەتمەيدىغان بىر كېلىشكەن سىيما ئۇنىڭ تۈنجى بىخلانغان سېغىنىش زوقىنى

قوزغايتتى. ئۇ سىيما ھېلىقى كۈنى ئارزۇگۈل ئۆيدىكىلەردىن باتناپ، تاكسىغا چىقىپ مەكتەپكە يېنىپ كەلگەن كۈنى كۆزلىرى ياش يۇقى مەكتەپكە كىرىپ كېلىۋاتقاندا ئۇچراپ قالغانىدى. پادىچىلار ئىشتىنى كىيگەن، ماڭلىيى شالاڭ ھەم سەل ئۇزۇن ياسىلىپ، پېشانىسىگە چۈشۈرۈلگەن، كەينى تەرىپى كىرپە تىكىنى شەكلىدە ياستىلغان، قاپقارا قوشۇما قاشلىق، يوغان كۆز، سەل بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بۇ ئوغۇل بالا بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن باشقا ئوغۇللاردىن خېلىلا پەرقلىنىپ تۇراتتى، بەلكىم تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسا كېرەك. ئۇ دولىسىغا يېغى ناھايىتى ئۇزۇن، تېقىمىغا كېلىدىغان سومكىنى ئاسقان ھالدا مەكتەپكە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئارزۇگۈل يېنىك ئۆكسۈپ يىغلىغاچ ماڭغانىدى.

ئۇ ئوغۇل بالا ئارزۇگۈلنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئارزۇگۈلگە قاراپ:

— نېمە بولدىڭىز سىڭلىم؟ يىغلاپسىزغۇ؟ بىرەر قولاق كەستى بوزەك قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۇ تاپتا ئارزۇگۈلنىڭ يۈرىكى ۋىلىلدە ئېرىدى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغان بۇ بالىنىڭ چىرايى كۆز قاراقلىرىدا قېتىپ قالغانىدى. ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى. ياتاققا كۆنەلمىدىم دەپ شۇنچە دېسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئاشۇنداق خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتاتتى، ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ گېپىگە جاۋابمۇ بېرەلمەي كېكەچلەپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالىنى ئىككى ھەپتىگىچە ئۇچراتمىدى. ئارزۇگۈل ھەر قېتىم گىمناستىكىغا چىققاندا ئۇياق- بۇياققا قارايتتى. بىر كۈنى ئۇ مەكتەپ ئاشخانىسىدا ئۇ بالىنى ئۇچراتتى. ئارزۇگۈل شۇنچە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ

ئارزۇگۈلگە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ بالا ئارزۇگۈل بىلەن بىر مەھەللىلىك بىر ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئارزۇگۈلنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنى قايتا ئۇچرىتالىدى. شۇ كۈنى ئۇ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئىنتايىن كېلىشكەن ئوغۇل بالىنىڭ مېھىر تامچىپ تۇرىدىغان «نېمە بولدىڭىز سىڭلىم؟ يىغلاپسىزغۇ؟ بىرەر قۇلاق كەستى بوزەك قىلغان ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەر ۋاقىت جاراڭلايتتى، كېلىشكەن قامىتى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى، ھەتتا دەرس ۋاقىتلىرىدىمۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولاتتى.

— يۈرۈڭ بالام، رەسمىيەتلەرنىمۇ ئۆتەپ بولدۇم، ئۆيگە قايتايلى، — ئەركىنجاننىڭ ئاۋازىدىن ئارزۇگۈل چۆچۈپ، خىيالدىن سەگىدى.

ئۇلار ئۆيگە كەلدى. ئارزۇگۈل ئانىسىنىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلاشلىرىغىمۇ سۇسلا ئىنكاس قايتۇردى. ئىشتىھاسىمۇ ياخشى بولمىدى.

مۇشۇ رەۋىشتە ئىككى كۈن ئۆتتى. دادىسى ئارزۇگۈلنى ئىككى كۈندىن كېيىن مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى ئىدى. ئارزۇگۈل بۇ ئىككى كۈننى تەسلىكتە توشقۇزدى.

ئۇلار ئۈن - تىنسىز چاي ئىچىشتى. ئارىدىكى جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان ئايشەمگۈل ئېغىز ئاچتى:

— قىزىم، دەسلەپتە سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزنى ئويلاپ، سالامەتلىكىڭىزنى ئويلاشماپتىمىز، ئۆيدىن بارامسىز يا؟ — بۇ گەپتىن چۆچۈگەن ئارزۇگۈل كەسكىنلا جاۋاب بەردى:

— ياق، ياتاقتا ياتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ قېيىداۋاتامسىز يا؟

ــ ياق، مېنىڭ ياتاقتا ياتقۇم بار، تېزرەك ماڭايلى دادا. ھە راست، ئانا، ماڭا پۇل بېرىڭ، كىيىم ئالىمەن.

ــ قانداق كىيىم ئالىسىز؟

ــ پادىچىلار ئىشتىنى ئالىمەن.

ئايىشەمگۈل بىرئاز ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۇنىڭغا 200 يۈەن پۇل بەردى.

ــ گېلىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، بالام، ئادەم گالدىن كېتىدۇ. ھەپتىدە ئىككى قېتىم بازاردىن قۇۋۋەتلىك تاماق ئېلىپ يەڭ!

ئارزۇگۈل بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا ماڭدى. ئايىشەمگۈل قىزىنىڭ مىجەزىنىڭ غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى.

## «پارتلاش»

ئارزۇگۈل چىدىيالماي، ئاخىر «پارتلىدى». ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولالماي ئىچى سىقىلىپ، دادىللىق بىلەن ئۇ بالىنى سۈرۈشتۈرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىلىك ئوغۇل بالىدىن ئۇ «ئوت»نىڭ تولۇق 2- يىللىق 20- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپقان بولسىمۇ، بىراق ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈش، سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالىنى چىرمىۋالغانىدى. دەرس دېگەن ھازىر ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش بولۇپ قالدى. كاللىسىنى پات - پات سىلكىپ قويۇپ، دەرسنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاشقا

تىرىشىسمۇ، بىراق بىر ـ ئىككى مىنۇتتىن كېيىن يەنە ھېلىقى «ئوت» ئۇنى كۆيدۈرۈشكە باشلايتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ بەسلىشىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىگە شۇنداق ئاچچىقى كېلەتتى ـ يۇ، بىراق يەنىلا ھېسسىيات تىزگىنىنى چىڭ تارتالمايۋاتاتتى.

بىر كۈنى مەريەم مۇئەللىم سىنىپ يىغىنىدا تەربىيە خىزمىتى ئىشلىدى:

— ساۋاقداشلار، سىلەر بۇ مەكتەپكە ئاتا ـ ئانىڭلاردىن ئايرىلىپ، گۈزەل ئىستىقباللار ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى كەلدىڭلار. سىلەرنى بۇ مەكتەپكە يىغىشتىكى مەقسەتمۇ سىلەرنىڭ گۈزەل كەلگۈسۈڭلار ئۈچۈن، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن، يۇقىرى ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدىن شەھەر باللىرى بىلەن ئورتاق بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىۋاتقان، تىرىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بۇ پۇرسەتنى قەدىرلىمەي، ناچار ئىللەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋاتىسىلەر. بۇ يەرگە سىلەر ساياھەت قىلغىلى ئەمەس، ئوقۇغىلى كەلدىڭلار. كونىلاردا: «يولدا ياتقان تاش قاچانلا بولمىسۇن ھارۋىنىڭ مېڭىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. سىلەر مۇشۇ ئىللەتلىرىڭلارنى تۈگەتمىسەڭلار، ھامان سىلەرنىڭ ئىستىقبال يولۇڭلارنى توسۇپ قويىدۇ. پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكنىڭ پايدىسىنى

كۆرۈشۈشلار كىرەك......

ئارزۇگۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرئاز ئەندىككەندەك بولدى، ئۇنىڭغا مۇئەللىمنىڭ گېپى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىشنى ئويلىدى. كاللىسىدا نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ، خۇددى مەريەم مۇئەللىم ئېيتقاندەك، ئەۋزەل شارائىتنى، قىممەتلىك پۇرسەتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. بۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە سىتېنۋالغان، ئەمما ئوقۇشقا پۇرسەت بولمىغان «ئىز»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تارىخىي رومانلارنى ئوقۇش ئارقىلىق كاللىسىنى تىندۇرماقچى، بوشىشىپ كەتكەن ئوقۇش ئىستىكىنى قايتا جانلاندۇرماقچى بولدى ۋە شۇ ئاخشىملا ياتاققا چىقىپ، كىتابنى ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. كەچلىك مۇزاكىرىدىمۇ تاپشۇرۇقلىرنى ئىشلەپ بولۇپلا يەنە كىتاب ئوقۇدى. ئەمما، ئۇنىڭ كاللىسى تېخى تولۇق سۈزۈلمىگەندى. كىتابنىڭ بەتلىرىدىن ھېلىقى «ئاكاش»نىڭ سىيماسى، قوۇر ئارىلىقلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرلىرى يالتىرايتتى......

ئارزۇگۇلنىڭ بۇ ئامالىمۇ ۋاقىتلىق ئۈنۈم بەردى......

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ، ھېلىقى بىر مەھەللىلىك «ئاكاش»تىن بۇ خەتنى «ئۇ»نىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ دەۋرەپ كەلگەن مۇھەببەت ئوتى ئالدىدا قىزلىق غۇرۇرى بىر ياققا قايرىلىپ قالدى.......

— مەن ئەمدى پوچتىكەش بولۇپ قالدىممۇ سىلەرگە؟ بوپتۇ، بىراق بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولسۇن ھە، ئارزۇگۇل! — دېدى ھېلىقى بىر مەھەللىلىك بالا.

— ماقۇل، — ئارزۇگۈل ماقۇل دېدى ـ دە، خىجىل بولغان بولسا كېرەك، دەرھال يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل تۇيغۇدا تىترەشكە باشلىدى. گاھ ھودۇقاتتى، گاھ يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى.

كۈتكەن كەچلىك مۇزاكىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى. تاقەتسىزلەنگەن ئارزۇگۈل مەھەللىدىكى تۇرسۇننىڭ سىنىپى ئالدىغا باردى ۋە ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدى. ئارزۇگۈلنىڭ قاراشتىكى مەقسىتىنى چۈشەنگەن تۇرسۇن بېشىنى لىڭشىتىپ، خەتنى بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئارزۇگۈل ئۇ يەردىن يېنىپ كەلدى. ئىككى سائەتلىك مۇزاكىرىنىمۇ تۈزۈك قىلالمىدى. بېشىنى پارتىغا قويۇپ خىيالغا پاتتى. مۇزاكىرىدىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەنلا كارىدور ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولدى. ئارزۇگۈلمۇ ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ياتاققا قاراپ ماڭدى. ئۇ روھسىز كېتىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ «ئارزۇگۈل» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ھېلىقى مەھەللىدىكى تۇرسۇن قولىدا بىر لېپاپنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئارزۇگۈلنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. تۇرسۇن خەتنى ئارزۇگۈلگە بەردى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماستىن كېتىپ قالدى.

ئارزۇگۈل خەتنى تېزرەك ئوقۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ياتىقىغا كىرىپلا كىيىمىنى سېلىپ يوتقانغا كىردى. ئۇ قولچىرىغىنى ياندۇرۇپ، خەتنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ ئوقۇدى.

«ئاھ!» شۇ تاپتا ئارزۇگۈلنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ خۇشلۇق ئىلكىدە  يايراپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇشال ھالىتىدىن خەت مەزمۇنىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

كۆنلەر شادلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. ھېلىقى بالىنىڭ ئىسمى كامىل بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ كۆيۈمچان بالا ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئارزۇگۈلنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، قۇۋۋەتلىك تاماقلار بىلەن مېھمان قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى باياشات ئائىلىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق سىردىشاتتى، بىر- بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشەتتى.

ئارزۇگۈل ئۇ بالىنىڭ نېمىشقا ئۇنداق تېز ماقۇل بولغىنىغا سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ، بىراق سورىيالمىدى.

بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى. بىر كۈنى ئارزۇگۈل مەيداندا كېتىۋاتاتتى، بىر توپ قىزلار ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئارىدىكى چىرايلىق بىر قىز ئېغىز ئاچتى:

— ھە، ئاڭلىسام كامىل بىلەن يۈرۈۋېتىپسىز - ھە؟

ئارزۇگۈل تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

— ئەمدى ئۇخلاپ چۈشىڭىز! كامىل ئەسلى مېنىڭ يۈرگىنىم ئىدى، سىز تارتىۋالغانىدىڭىز. مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، بۇرۇن قىلغانلىرىمغا تۇۋا قىلىۋىدىم، ئۇ يېنىمغا قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئاۋارە بولماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ خىلىدىن بىرنى تېپىۋېلىڭ. كامىل ئەسلى سىزنى تولۇق تونۇمايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر جەھەتتىن سىزگە ئىچى ئاغرىسا، يەنە بىر جەھەتتىن ماڭا كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ سىز بىلەن ئارىلىشىپتىكەن. ئەمدى ئاۋارە بولماڭ، بولمىسا جاجىڭىزنى يەيسىز......

ئارزۇگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئەتراپىدىكى قىزلار غۇۋالىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سانسىز ئېغىزلار ماكىلداۋاتقاندەك قىلاتتى،

بىراق ئۇنىڭ قولاق تۈۋى غوڭۇلداپ، قۇلىقىغا ھېچ گەپ كىرمەيۋاتاتتى......

## ئېچىلمايدىغان سىر يوق

— مەريەم مۇئەللىم، ئارزۇگۈل ھوشىدىن كېتىپتۇ!
تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان مەريەم مۇئەللىم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى.
— توۋا، سىزنىڭ سىنىپىڭىزدا ھوشىدىن كېتىدىغانلار نېمانداق جىقتۇ؟— دەپ ئۆلگۈردى بىر ئوقۇتقۇچى.
مەريەم مۇئەللىم يۈگۈرگىنىچە مەيدانغا چىقتى. بىر توپ قىزلار ئارزۇگۈلنى يۆلەپ كېلىۋاتاتتى. مەريەم مۇئەللىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قىزلار ئارزۇگۈلنى قوغداش بۆلۈمىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزدى ۋە بىر قىز ئوقۇغۇچىنى قايناق سۇغا بۇيرۇدى. مەريەم مۇئەللىم قايناق سۇ ئىچۈرۈپ، ئۇۋۇلاپ دېگەندەك ئارزۇگۈلنى ھوشىغا كەلتۈردى.
ئەتىسى مەكتەپكە «ئارزۇگۈلنى ئوغۇل دوستى تاشلىۋېتىپتىكەن، ھوشىدىن كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر پۇر كەتتى. بۇ گەپ مەريەم مۇئەللىمنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى.
مەريەم مۇئەللىم ئارزۇگۈلنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى. ئارزۇگۈل توختىماي يىغلاپ، زادىلا دېگىلى ئۇنىمىدى. مەريەم مۇئەللىم ئەمدىلا تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان بۇ باللارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا ھەيران بولماي تۇرالمىدى. ئارزۇگۈلنىڭ ئۆگىنىشتە زور دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلگەندەك بولدى.
مەريەم مۇئەللىم: «ئۇنىڭ دېگۈسى كەلمىسە مەيلى، زورلاپ دېگۈزۈپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويماي يەنە» دەپ

ئويلاپ، ئۇنى سىنىپقا كىرگۈزۈۋەتتى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەنلا ئارزۇگۈل سىنىپتىن چىقىپ، تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر دوستى بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئۇلار ئۇدۇل تېلېفون بوتكىسىغا يۈگۈردى. ئارزۇگۈل ئىنتايىن ئازابلانغان، قوللىرى تىترىگەن هالدا كامىلغا تېلېفون ئۇردى.

ئارزۇگۈلنىڭ «ۋەي» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا كامىل ئۇنى گەپ قىلدۇرماي ئۆزى سۆزلەپلا كەتتى:

— كەچۈرۈڭ، ئارزۇگۈل، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئەڭ ئازابلىق كۈنلىرىمدە ماڭا سىرداش بولغىنىڭىزدىن تولىمۇ رازىمەن. سىزمۇ بىلىدىڭىز، ھېلىقى كۈنى سىزنى تىللاپ ئايلاندۇرۇۋەتكەن قىز مېنىڭ يۈرگىنىم ئادىلە ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى سورىماي، ئىچىمنى بەك پۇشۇرۇۋەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەنىدىم. ئەمما، ئۇ مېنىڭ سىز بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ پۇشايمان قىپتۇ، يەنە مېنى «مەن بىلەن يارىشىۋالمىسىڭىز دورا ئىچىپ ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قورقۇتتى. مېنىڭ نېمە ئامالىم بار دەيسىز؟ شۇڭا كەچۈرۈڭ......

ئارزۇگۈل تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جاققىدە قويدى ـ دە، دوستىغا ئېسىلىپ يىغلاپ، كامىلنى مىڭ لەنەتكە سېلىپ تىللاشقا باشلىدى.

ئۇلار بىردەم يىغلاشقاندىن كېيىن، «فاڭفاڭ تورتخانىسى»غا كىرمەكچى بولۇشۇپ ئۇ يەرگە ماڭدى. تورخانىغا كىرىپ، ئاۋۋال كىچىكرەك، ئەرزانراق تورتتىن بىرنى ئالدى، ئاندىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىچىك ئايرىمخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككىسى بىر قوتا كولا بۇيرۇتتى.

ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلى ئاز ئىدى. ھېلىقى تورتنىمۇ ئاۋايلاپ يەپ، بۇ يەردە ئۇزاقراق ئولتۇرۇشتى. چۈنكى، ئارزۇگۇل كۆڭلۈم مۇشۇ يەردە سەل ئارام تېپىپ قالغاندەك بولىدىكەن دەپ ئويلىغانىدى.

بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىككى قۇتا كولا ۋە چوڭ بىر تورتنى تەڭلەپ:

— يەڭلار، — دېدى.

ئارزۇگۇل بىلەن دوستى رىزۋانگۇل بۇ كۈتۈلمىگەن «ئىلتىپات»تىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق بىر- بىرىگە قارىشىپ، ئېلىشنى قارار قىلىشتى. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى.

— قارىسام سىلەر ئوقۇغۇچى ئىكەنسىلەر، پۇلغا ئېھتىياجلىق ھەقچان. مەندە پۇل جىق، چوڭ سودا قىلىمەن ئەمەسمۇ، — ھېلىقى يىگىت شۇنداق دېگەچ يېنىدىن 200 يۈەن پۇلنى چىقاردى. ئارزۇگۇل بىلەن رىزۋانگۇلنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ كېتىشتى.

پۇل ئەقىلسىزلەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىز! كامىل ئاشۇنداق پۇللارنى شاراقلىتىپ ئارزۇگۇلنى مېھمان قىلغان، كۆندۈرۈپ قويغان ئەمەسمىدى......

ئارزۇگۇلنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولۇشقا باشلىدى. بۇنى سەزگەن رىزۋانگۇل ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن ئاداش، بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ماڭە، ماۋۇ ئاكاش كامىلدىن ئىنسابلىقكەن. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلىرىمىزدە بىزگە تەسەللى بەردى، — دېدى-دە، رەھمەت دېگىنىچە 200 يۈەننى ئالدى.

## ئاھ، نادانلىق

مەريەم مۇئەللىم زۇكامداپ قىزىپ قالغان كىچىك ئوغلىغا دورا ئىچۈرۈپ بولۇپ، ئۇنى ئەمدى ياتقۇزاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفونى سايراپ قالدى. تېلېفون سىنىپىنىڭ كەچلىك مۇزاكىرە نۆۋەتچىسىدىن كەلگەنىدى.

— سىنىپىڭىزدىكى ئارزۇگۈل مۇزاكىرىگە كەلمىدى. خېلى ساقلىغان بولساقمۇ يەنىلا يوق، شۇڭا تېلېفون ئۇرۇشۇم. سۈرۈشتۈرۈپ باقامسىز؟

مەريەم مۇئەللىم تېلېفون دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ، ئارزۇگۈلنىڭ ئۆيىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تېلېفون ئۇردى. ھېچ ئىز-دېرىكى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋېلسىپىتىنى مىنىپ مەكتەپكە كەلدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ سىنىپىدا ئىش ئاۋۇپ قېلىۋاتاتتى. «تېزىنى باسسا، مېزى چىقىپتۇ» دېگەندەك، مەريەم مۇئەللىم ھاي دېگەنسېرى بەزىلەر زادى ئۆزىنى سورىمايۋاتاتتى. مەريەم مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ، ئارزۇگۈلنىڭ ياتاقداشلىرىدىن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىۋىدى، بىر قىز ئارزۇگۈلنىڭ دوستى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

«بۇ كېچىدە نەگىمۇ كەتكەندۇ؟»

مەريەم مۇئەللىمنىڭ بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى. يالغۇز ئىزدەپ تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، مەكتەپ مۇدىرىغا تېلېفون ئۇردى. 20 مىنۇتقا قالماي مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپكە كەلدى. تېلېفون ئۇرۇۋەتكەن چېغى، ياتاق مەسئۇلى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىمۇ مەكتەپكە ئۈنۈپ بولدى.

ئۇلار بىردەم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ساقچىخانىغا

مەلۇم قىلدى. مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن مەريەم مۇئەللىم كوچىنى ئايلىنىپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار كىرمىگەن دىسكوخانا، رېستوران ۋە تورتخانىلار قالمىدى، ھېچ يەردە يوق.......

شۇ تەرزدە ئىككى سائەت بولدى، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئېغىر تىنىشاتتى.

تۇيۇقسىز مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تېلېفونى سايرىۋىدى، ھەممەيلەننىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

بىر ساقچى ئاززۇگۈلنىڭ بىر مېھمانخانىدىن تېپىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ تېلېفون ئۇرغانىدى.

«مېھمانخانا»......

ئۇلار «مېھمانخانا» دېگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. گەرچە ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى تازا ئېنىق ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئۇ قىزنىڭ ئۇنداق يەرگە قانداق كېتىپ قالغانلىقىغا زادى ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى.

ھەقىقەتەن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇلار تېزلىكتە ھېلىقى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۈچ نەپەر ساقچى بىلەن ئاززۇگۈل، رىزۋانگۈل تۇراتتى.

ئاززۇگۈل مەريەم مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى ۋە ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاخىر ئۇلار مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىندى. مەريەم مۇئەللىم ئاززۇگۈلگە كۆپ تەربىيە قىلىپ، ئۇنىڭدىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئاززۇگۈل قاتتىق پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئىلكىدە ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلىدى: ئاززۇگۈللەر ھېلىقى تورتخانىدا «ئاكاش»نىڭ ھەممىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، كەچلىك مۇزاكىرىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى. «بىرەر قېتىم مۇزاكىرىگە قاتناشمىغانغا نېمە

بولىدۇ، كەچتە مۇزاكىرىدىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا بىرىپ، ئۆيىدىن كىلىپ مۇزاكىرىگە قاتنىشىدىغان تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا غىمسىسدە كىرىـــ ۋالارمىز.......» دەپ ئويلاشتى. شۇ ئارىدا «ئاكاش» سىرتتىن تونۇر كاۋاپلىرىنى ئەكىردى، ئارقىدىن ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى بۇيرۇتتى. ئۈستەل يۈزى ھەر خىل ئىسسىل نازۇنىمەتلەر بىلەن لىق تولدى. ئارزۇگۈللەر بۇ «ئاكاش»نىڭ ئاجايىپ مەردلىكىدىن ھەيران بولۇپ، بولدى قىلىشنى ئىيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «ئاكاش» ئۇنىماي بۇيرۇتۇۋەردى.

بۇ ئىككىيلەن «ئۈچ كۈن بولدى تۈلكە ئاكاڭ قىلمىدى ناشتا، بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دىگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بەخىرامان «بەخت»نىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كىيىن، ئۇلار ھىرىپ قالدى بولغاي، ئەسنەشكە باشلىدى. كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈشكە خىلى ۋاقىت بار ئىدى، ئەمما ئۇلار مەكتەپنىڭ يىنىدىكى گۈللۈكتە ساقلاپ ئولتۇرماقچى بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىراق، ھىلىقى «ئاكاش» دەرھال ئۇلارنى توسۇپ:

— ئۇ يەردە ئولتۇرغۇچە بىزنىڭ ياتاقتا بىردەم ئولتۇرايلى. ياتاقتا تىلىۋىزور، كومپيۇتىر بار. يۈرۈڭلار، — دەپ، ئۈستەلدىكى ئىشىپ قالغان يىمەكلىكلەرنى خالتىغا قاچىلاپ ئىلىپ ماڭدى. ئارزۇگۈللەر «دەرۋىشكە تەييار غىزا، جانغا ئىزا» دىگەندەك ھالغا چۈشكەندى. ئۇلار «ئاكاش»نىڭ گىپىنى يىرالماي، ئامالسىز كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار بىردەمدىلا مىھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مىھمانخانا مەكتەپكە يىقىن ئىدى. ئارزۇگۈللەر مىڭ سالا بىلەن ياتاققا كىردى.

ئۇلار بىردەم توردىن ئۇنى - بۇنى كۆردى. بايىقى

«ئاكاش» بولسا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئاررۇگۇللەرگە ھېلى ئىچىملىك قۇيۇپ بەرسە، ھېلى شاكىلات تەڭلەيتتى......

شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىراۋنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئاررۇگۇل ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا كىيىملىرى سېلىنغان ھالەتتە ياتقانلىقىنى بىلىپ، قورققىنىدىن قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا كۆتكۈچى قىز قاراپ تۇراتتى. نېرىدىكى كارىۋاتتا بولسا دوستى رىزۋانگۇل ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ كىيىملىرى يەرگە تاشلاقلىق تۇراتتى...... ئاررۇگۇلنىڭ كاللىسىدا كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار يالتىنىدە ئەكس ئەتتى. بىرى ئۇنى ھە دەپ سىلىغان، يەنە قاتتىق قىينىغان...... ئەمما ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچالمىغان، بەدىنىنىمۇ باشقۇرالمىغانىدى. ھېچ ماغدۇرى يوق، ئۇيقۇ بېسىپلا تۇراتتى. ئۇ قانداق قىلىپ ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ سەزمىگەنىدى.

ـــ ئاھ، لەنىتى ناكەس، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان لۈكچەك! ھايۋان! ـــ دەپ ۋارقىرىدى مەريەم مۇئەللىم قاتتىق غەزەپلەنگىنىدىن.

مەريەم مۇئەللىم ئاررۇگۇلگە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئەخلاق تەربىيە مۇدىرى:

ـــ بولدى، مەريەم مۇئەللىم، «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دەپتىكەن، بالا قورقۇپ كېتىپتۇ، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن، ـــ دەپ گەپنى ئۈزدى.

مەريەم مۇئەللىم بىردە ئاررۇگۇلگە نەپرەتلەنسە، بىردە ھېلىقى لۈكچەككە، بىردە ئۆزىگە نەپرەتلىنەتتى.

«ئەجەبا، ئاتا - ئانىلار، بىزلەر بۇ بالىلارغا نېيتىمىزنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتامدۇق؟ ئۆزۈمنى ئېيتسام،

ئەربىيەلەش ئۇسۇللىرىم، ماھارەتلىرىم، بىلىملىرىم كونىراپ قالغانمىدۇ؟ يىغلاۋاتىمەن، ئۆزۈكسىز يىغلاۋاتىمەن، دەۋرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىككى يىلدا بىر، ئۈچ - تۆت يىلدا بىر ئۆزۈكسىز تەربىيەگە بېرىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكەي دەپ، ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەپ، توغرا تەربىيە ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن، يەنە قانداق قىلسام بۇ بالىلارغا ھەقىقىي ياردەم قىلالارمەن؟! يەنە...... يەنە......

ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناۋاتاتتى، ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ ياش تۆكتى:

— ئەي بەختلىك يۇلتۇزلار! ماڭا ياردەم قىلىڭلار، بۇ بالىلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئېيتىڭلارچۇ؟ مەن قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ بالىلىق روھىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيمەن؟

شۇ تاپتا يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىۋاتقاندەك، گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

بىردىنلا بىر يۇلتۇز ئۇنىڭغا «گەپ» قىلدى: «ئۇلارنىڭ روھى سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە.»

ئەتىسى مەريەم مۇئەللىمنىڭ پسىخىكىسىدىن چاتاق چىققانلىقى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر تارقالدى.

يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ يۇلتۇزلارغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، كۆرگەن مەكتەپ رەھبەرلىرى ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، بىر- بىرىگە قارىشىپلا قالدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەريەم مۇئەللىم كىمنىلا كۆرسە: «ئاۋۇ بالىلارنىڭ روھى مېنىڭ يۈرىكىمدە ئىكەن، بۇنى ماڭا يۇلتۇزلار دەپ بەردى، يۇلتۇزلار گەپ قىلالايدىكەن» دەيدىغان بولدى. ئاڭلىغانلار: «نېمە دەۋاتىسىز، مەريەم مۇئەللىم؟»

دىيىشىپ، غەلىتە نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارايتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «راست، قەسەم قىلاي. يولتۇزلار ماڭا راست شۇنداق دېدى» دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەريەم مۇئەللىم مەكتەپتە كۆرۈنمىدى. قۇلىقى سەل ئۇزۇن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا: «مەريەم مۇئەللىم سىنىپىدا بولغان بۇ ئىشلارنى دەماللىققا قوبۇل قىلالماي، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ» دېگەندەك گەپلەر تارقالسا، يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا: «مەريەم مۇئەللىمنىڭ يولدىشى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە: ‹ئايالىم بىر مەزگىل پىسخىكىلىق داۋالاشنى باشتىن كەچۈرمىسە بولمىغۇدەك. يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بوپتۇ، شۇڭا ئازراق دەم ئېلىش ۋاقتى بەرگەن بولساڭلار› دەپتىكەن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ماقۇل دېگەنمىش» دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ يۈردى.

بەزىلەر ھەرقانداق بىر تاسادىپىي زەربىلەرگە تاقابىل تۇرالماسلىقنىڭ بىر ئاجىزلىق ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەشنى ئۇنتۇمىدى.

× × ×

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەريەم مۇئەللىم ساقىيىپ، قايتا مەكتەپ قوينىغا قايتتى. ئۇ بۇ قېتىم كەلگىنىدە، ئوقۇغۇچىلاردا باشقىچە بىر كەيپىياتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يەنە ھەرقانداق بىر يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتنىڭ نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلاردىن كېيىن ئاندىن تولۇق قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلىشىدىغانلىقىنى، شۇ كەمگىچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقۇپ، نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەرگە

توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئادەمدە شۇ خىل ئازاب ۋە تۇسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك پىششىقلىق ساپانىڭ ھازىرلىنىشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ زېھنى سۈزۈلۈپ، يېنىكلەپ قالغانىدى. مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ قۇياشى يەنىلا سېخىي نۇرلىرىنى چېچىپ، بۇ زېمىندا مېھىر - مۇھەببەت، ئىجتىھات چېچەكلىرىنىڭ مېۋە بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى......



# غازاڭ پەسلى

كۆزنىڭ قۇرغاق، تەنىي قورۇيدىغان ئىزغىرىن شاملى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. يەنە شۇ ئۆيگە ماڭدىم، بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغانلىقى تۇيغۇ بېرىدىغان شۇ كۆلبىگە يەنە ماڭدىم. بۇ ئۆيگە مېڭىۋاتقىلى نەچچە ئون يىل بولدى. كۆڭلۈم تارتمىسىمۇ ماڭىمەن، خۇش بولسامۇ ماڭىمەن؛ موھتاج بولسامۇ ماڭىمەن، بىزار بولۇپ بىئارام بولسامۇ ماڭىمەن. ماڭماي ئىلاجىم يوق. ماڭمىسام نەگە بارىمەن؟ يا بارىدىغان باشقا يېرىم بولمىسا......

ئادەم دېگەن غەلىتە بولىدىكەن. قىلغۇسى بولمىسىمۇ مەجبۇر بولۇپ قالىدىكەن. گەرچە قىلماسلىققا ئىمكانىيەت بولسىمۇ، يەنىلا قىلىدىغان ئىشكەن.

«بالام، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا تويۇڭنى قىلساق بولاتتى.»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىمغا 10 نەچچە يىل بولغانىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى» دەپ مىسال ئالغىنىنى پات ـ پات ئەسلەپ قالىمەن. مىسالدىكى ئون يىل بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئون يىلىنى سېلىشتۇرۇپ بۇرۇقتۇرما بولىمەن.

كىملەرگىدۇر تىكىلىپ قالىمەن. يۈرىكىم ئېغىپلا تۇرىدۇ. نېمىنىدۇر ئىزدەيمەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىزدەيدىغىنىمنى تازا ئېنىق بىلمەيمەن.

ـــ مەتتوختاخۇننىڭ ئۆيىگە ئەلچى كېلىدىكەن، بىزنى چاقىرىپتۇ، ــ دەپ قالدى بىر كۈنى دادام. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى سولغۇن چىرايىنى پەقەت ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن: ئانامغا قارىغاندىكى تۇرقى ئاجايىپ بىچارە ئىدىكى، چاقناپلا تۇرىدىغان كۆز نۇرى سۇنغان، گەۋدىسى مۈكچىيىپ، دوكلىشىپ قالغاندى. بەلكىم دادام شۇ چاغدا ئاجايىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋازىمۇ بوش، ئېزىلەڭگۈ تىنىقتا چىقىۋاتاتتى.

ئانامنىڭ ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، سارغىيىپلا تۇرىدىغان چىرايىغا كۆنۈپمۇ قالغانىدىم.

«بالام، كۆڭۈل دېگەن ئۆزۈڭدىن ئەزىز ئەمەس» دەيتتى ئانام دائىم.

يۈرىكىم ئېچىشىپلا تۇراتتى.

«مەن هامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئېرىشىمەن. ئۇ مېنىڭ بەختىم، ئۇ مېنىڭ هاياتىم. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقىمەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن قورقىمەن.»

بۇ سىرىمنى ئاخىر بىر دوستۇمغا دەپ سالدىم. ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ:

ـــ ئاداش، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ ساقمۇ سەن؟ ــ دېدى ماڭا سىنچىلاپ قاراپ.

شۇنىڭدىن بېرى ئۇ دوستۇم نېرۋامنىڭ نورمال ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ سۆزلەپ يۈردى. نېملا دېگەنبىلەن مېنىڭ ئاغزىمدىن گەپ ئالالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى خېلى مەغرۇر تۇتاتتى.

ـــ بويتاقلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغانمىش، شۇڭا توي قىلمايدىكەن.

— بىرسى كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتىپ مەرىنى ياندۇرۇۋېتىپتىكەن، شۇڭا توي قىلىشتىن قورقىدىكەن.

— ئەركەك جىنى بارمىش. ئەر كىشى كۆزىگە جىن كۆرۈنەرمىش، شۇڭا توي قىلمايدىكەن......

تارقىلىپ يۈرگەن بۇ گەپلەر يۈرىكىمنى ئاچچىقتىن ئېچىشتۇراتتى.

مۇشۇ جىنىنىڭ گېپى چىقسىلا مېنى سۈر باسىدۇ. ھېلىقى يۈزى يۈگەكلىك ئايال......

ئانام بەكمۇ ياۋاش ئايال ئىدى. بىر تال چۈمۈلىگە دەسسەپ سېلىشتىنمۇ قورقۇيتتى. قوشنىمىز مەرەمنىساخان ئاچامنىڭ: «ئوقۇتۇپ بېقىڭلار بولمىسا، نىكاھى بەند بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئانام ئۈنىمىغىنىمغا قارىماي مېنى ھېلىقى يۈزى يۈگەكلىك ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان. شۇ چاغدا بىر خىل بىئاراملىق تومۇرلىرىمنى كۆپچۈتۈپ، تومۇرۇم ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بىئارام بولغانىدىم. رەت قىلغۇمغۇ بار ئىدى، ئەمما ئانامنىڭ ئېلىشاڭغۇ، نۇرى قاچقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، مەندىن ئاجىز يۈرىكىگە، مىسكىن كۆڭلىگە شىپالىق تىلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. يەنە ئانامنىڭ دادامدىن قانچىلىك دەشنەم يەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. دادام ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئانامغا تاپا-تەنە قىلىپ: «سېنىڭ تۇغقان، ئارزۇلاپ باققان قىزىڭنىڭ ھالى شۇ» دەيتتى. بۇنداق چاغدا بىچارە ئانام گەپ قىلماي جىمىدە تۇرۇۋالاتتى. مەن بولسام نېرىقى ئۆيدە بۇ گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، ئۈنسىز ئازاب چېكەتتىم. يۈرىكىم تىتما - تىتما بولۇپ، قانلار ۋىشىلداپ چىقىۋاتقاندا، ئۈستىگە دادام تۇز سېپىۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق تۇيغۇدا بولاتتىم.

باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن ئۆيۈمگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئالىم ئۇچراپ قالدى. ئۇ ماڭا قاراپ سالام قىلدى، مەنمۇ جاۋابەن ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدىم. مەن ۋېلسىپىت بىلەن ئىدىم، ئۇ موتوسىكلىت مىنىۋالغانىدى.

— ئىشتىن چۈشتىڭىزما؟ — دەپ سورىدى ئالىم قىزغىنلىق بىلەن.

— هەئە.

— سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

ۋۇجۇدۇم خۇددى كەچ كۈزدىكى ياپراقتەك ئاجىز تىترەپ، بىر ئىللىق ئېقىم تومۇرۇمدا كۆۋەجەشكە باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئاڭلىغان دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق گەپ مۇشۇ بولۇپتۇ، يەنە كېلىپ بۇ گەپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، بەلكى «ئۇ»نىڭ دوستىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتاتتى. «چوقۇم ئۇ ئەۋەتتى» دېگەن ئوي يادىمدىن كەچتى. دولقۇنلۇق دېڭىزدەك ئۆركەشلەۋاتقان قانلىرىم ھە دەپ تېشىغا تېپىپ، يۈرىكىم ئاغزىمدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. مەن مۇشۇ گەپنى كۈتكىلى قانچە ئۇزاق بولدى - ھە؟ تۇرۇپلا يەنە بىر خىل باتناش ھېسسىياتى ئەۋج ئېلىپ، قاتتىق بىر يىغا تۇيغۇلىرىمغا بۇيرۇق بېرىپ، كۆزلىرىمنى تورلاشتۇرۇۋەتتى.

— ۋېلسىپىتتىن چۈشۈڭە.

مەن گەپنىڭ ئاخىرى تۈگە - تۈگمەيلا ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم. قانداقتۇر چەكسىز بىر تەقەززالىق مېنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

— مۇنداق گەپتى، بىزنىڭ ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئايالى كېسەلدىن ساقىيالماي، ئۈچ يالىنى تاشلاپ تۈگەپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئادەمنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە باردى. بويتاق

يۇرۇۋاتقىلى 5 — 6 يىل بوپتۇ، ئەمدى ئۆيلىنىدىغان يەرگە باردى. خېلى جىق لايىققۇ چىقىپتۇ، بىراق مەن سىز بىلەن ساۋاقداش بولغاندىكىن ساۋاقداشلىقنى يەتكۈزەي دېدىم. قارىسام، ساۋاقداشلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالدى تولۇقسىزغا چىقىپتۇ......

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك، نېرۋىلىرىم قالايمىقانلىشىپ، سېرىق قۇيۇن ئىچىدە قالغاندەك بولدۇم.

ۋىلىسپىتىمنى شالاققىدە تارتىپ مىندىم ـ دە، كەلگەن ئاچچىقىم كەبى تېزلىكتە مىنىپ ئۆيگە چاپتىم.

«ھو لەنەتگەردى! ئاشۇ گەپنى قىلغان ئاغزىڭغا مەرەز چىقىپ، ساقىيالماي ئۆلەرسەن، ئىلاھىم. ئەر چىقماي يۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ قاپسەن ـ دە، مېڭىسىنى قۇرت يەپ كەتكەن كالۋا......»

ئىچىمدە ئۇنىڭغا مىڭ لەنەت ئوقۇدۇم. ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. ھېلىمۇ ياخشى بىراۋ دوقۇرۇشمىدى. ھۇجرامغا كىرىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدىم. يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان غايىۋى ئىسكەنجىنى بوشىتىۋەتمەكچى، جىمى پىغانلىرىمنى ئەخلەت سۈپۈرگەندەك سۈپۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك، بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلىدىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىرچاغ بولغاندا ئانام مېنى تۇرتۇپ چاقىرىشقا باشلىدى. مەن گاراڭ ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئانامغا قارىدىم. شۇ تاپتا ئانامنىڭ مەندىن نېمە بولغانلىقىمنى سوراپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. توۋا دەيمەن، ئانام مەندىن ھېچنېمە سورىمىدى، كۆزلىرىمگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

كۆنلىرىم مانا مۇشۇنداق ئۆتۈۋەردى. پەقەت خىزمىتىملا مېنىڭ ھەسرىتىمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئەرمىكىم ئىدى. پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن خىزمەت قىلدىم. ئەمما، تەقدىر مەن بىلەن قېرىشىۋاتامدۇ، بىلمىدىم، خىزمىتىمدىن چاتاق چىقىشقا باشلىدى.

سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقىلى 10يىلغا يېقىن بولغان بولسىمۇ، پەقەت چاتاق چىقمىغان، بەلكى ئىزچىل ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلىنىپ كېلىۋاتاتتىم.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدا بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، دەرھال سۈرۈشتە قىلدىم. باللارنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىغا چىقىپ، ئائىلىسىگە تېلېفون ئۇرۇۋىدىم، ئانىسى بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھازىرلا مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ قالغاندەك بولدى.

ئالاقزەدىلىك ئىچىدە يېرىم سائەتنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا يوغان ياغلىقنى چېكىلەپ چىگكەن، كۆز ئەتراپىنى قورۇق باسقان، قاڭشارلىق، يوغان كۆز، بۇغداي ئۆڭ، 50 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالام قىلدىم. ئۇمۇ سالىمىمنى ئىلىك ئالدى.

— قاراڭ، بىزنىڭ ئالىيە ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىۋاتقىلى بىر ئاي بولدى. قوشنىمىزنىڭ قىزىدىن سۈرۈشتۈرسەم، بىر تاكسىچى مەكتەپكە توشۇيمىش. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، ئۇكام؟— دېدى ھېلىقى ئايال كۆزلىرىمگە ئۈمىدلىك تىكىلىپ.

مەن بىرئاز تەئەججۇپلەندىم. ئۇ مەندىن ئۈمىد كۈتسە،

مەن كىمدىن كۆتىمەن؟

— بىلمىدىم. بۇنداق گەپىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم. نىمىشقا بەك ئەتىگەن ماڭغىلى قويدۇڭلار؟ — دېدىم مەنمۇ ياندۇرۇپلا.

ئۇ ئايال بىردىنلا كۆزىگە ياش ئالدى:

— توسماي قالامدۇق؟ توسىمىز، ئەمما ئۇ قەتئىي ئۇنىمايدۇ. قانداق قىلىساق بولا، مۇئەللىم؟ مېنىڭ پەقەت ئامالىم قالمىدى. ئەمدى سىز ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى. سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولاي، بىر ياردەم قىلىڭ.

يەلكەمنى ئېغىر بىر يۈك بېسىۋالغاندەك بولدى. 15 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىگە قاراپ، بۇنداق قىلىشىغا مەن تولۇق، سارائىمۇ ئىشەنمەيتتى.

تۇيۇقسىز قايسى كۈندىكى بىر ئىش يادىمغا يېتىپ قالدى: بىر كۈنى ئالىيە يىغلىغان پېتى قېشىمغا كىرىپتۇ. مەن نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇمايمەن. سىنىپىمىزدىكى قەدىردىن يۈزۈمنى چۆشۈرۈۋەتتى......

— قانداق چۆشۈردى؟

— جىق باللارنىڭ ئالدىدا قورسىقىڭ يوغىناپ قاپتۇ دەپ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ بەك ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاپ.

مەن شۇ چاغدا ئالىيەنى بىرمۇنچە بەزلەپ، قەدىردىننى ئايرىم چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە كايىغانىدىم.

توۋا، ئۇ چاغدا پەقەت دىققەت قىلماپتىمەن. كىچىك باللارنىڭ بىردەملىك جېدەللى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانىكەنمەن.

......

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇ ئايالغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى بىرىپ، ئۇنى يولغا سالدىم.

ئىشلار ئۆز يولىدا يۈرۈشۈۋەردى. ئالىيەنى ئىشخانىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا بۇنداق سەھەر ئۆيىدىن چىقماسلىقنى تاپىلىدىم ۋە بىرمۇنچە تەربىيە قىلدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە كىتابلاردىلا تەسۋىرلىنىدىغان بالىلىق خاراكتېر، بالىلىق سەبىيلىك دىگەنلەر نەگە كەتتىكىنە؟

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئالىيە مەكتەپكە كەلمەي قويدى. مەن يەنە تېلېفون ئۇرۇۋىدىم، تېلېفوندىن بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن جىددىيلەشكەن ھالدا نىمە بولغانلىقىنى سورىدىم.

— قاراڭ، مۇئەللىم، ئالىيەنى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتسەك قورسىقىدا باركەن، يەتتە ئايلىق بوپتۇدەك. ئەمدى چۈشۈرۈشمۇ تەس ئوخشايدۇ. ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ كېلەيلى دەپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمدى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغىمۇ قاتنىشال-مايدىغان ئوخشايدۇ. قانداق قىلارمىز ئەمدى دىپلومىنى؟— ئۇ ئايالنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرۇلدۇراتتى.

— ھازىر مۇھىمى ئالىيەنى قۇتقۇزۇش، دىپلومىنىڭ ئىشىنى كېيىن بىرنىمە دېيىشەيلى،— دەپلا تېلېفوننى قويىۋەتتىم. چۈنكى، مەندە بۇنىڭدىن ئۇزاق سۆزلەشكۈدەك مادار يوق ئىدى. بېشىمنى ئۈستەلگە قويۇپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇردۇم. كاللام پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. گويا تۈمەنمىڭ قۇرت مېڭەمگە كىرىۋېلىپ مېڭەمنى يەۋاتقاندەك ئازابلىق بىر ئاغرىق پەيدا بولدى. مانا بۇ مېنىڭ نەتىجەم! مانا بۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق سىڭىپ مەسئۇللۇق خىزمىتىمدىن چىقىرىلغان نەتىجە! نېمىشقىمۇ دىققەت قىلمىغاندىمەن؟ يەتتە

ئايلىق بولغۇچە نېمىشقا سەزمىگەندىمەن؟ ئۇ گەرچە تېڭىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدىغۇ؟ نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىزلىك...... شۇنداق قىلىپ، ئالىيەنىڭ ئانىسى ئالىيەنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئالاھازەل بىرەر ئايغىچە ئۆلارنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئالىيەنىڭ ئانىسىنىڭ تېلېفونى قاچانلا ئۇرسام ئېتىكلىك ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن، كەچلىكى ئالىيەنىڭ ئانىسى ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى.

مەن تەقەززالىق ئىلكىدە ئۇنىڭدىن ئالىيەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— ئىشقىلىپ ئالىيە ئۆلمىدى، ئۇنىڭ نېرىسى بولدى. ئوكۇل ئۇرۇپ بىر ھەپتىدە ئاران چۈشتى. ئۇ ئادەم بولغىنىغا، مەن ئۇنى تۇغقىنىمغا مىڭ پۇشايمان. ئۇنىڭ بۇنداق دەرد تارتىشىنى بىلگەن بولسام تۇغماسكەنمەن...... دادىسى بۇزۇق تېخى تالادىن كىرمەيدۇ. ئادەم بولغىنىمغا تويدۇم مەن، — دېدى ئۇ ئايال بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چېچىدىنمۇ ياش تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم بوغۇزۇمغا كەپلەشكەندەك بولۇپ، كۆز چانىقلىرىم ياشقا تولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ يىغىدىن توختاتتىم.

— مەن 50 ياشتىن ئاشقىنىم بىلەن تېخى ئادەم بولماپتىمەن. بىر ھەپتە جان تالىشىپ، سەكراتتىن يېنىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، ھوشىغا كېلىپلا نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ ئۇ ۋارقىراپ يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام قېنى؟ مېنىڭ بالام قېنى؟» دەيدۇ. دادىسىنىڭ ئالدىدا مەن جېنىمدا يۈزۈم چىمىلداپ، ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. دادىسى ئاستا چىقىپ كەتتى. توۋا، مىڭ توۋا. خۇدايىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، — ئۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— جىنىم مۇئەللىم، مانى ئاز بولسىمۇ ئالغاچ كەلدىم، بالىنىڭ دىپلومىنى بىر ھەل قىلساق بولاتتى، — ئۇ سومكىسىدىن سولياۋ پەتنۇسقا ئورالغان بىرەر كىلودەك پېچىنە-پىرەنىكنى چىقاردى. شۇ چاغدا شۇنداق قاتتىق ئوڭايسىزلاندىمكى، ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم، شۇنداقتىمۇ قولۇم بىلەن تورسۇپ، پەتنۇسنى يېنىك ئىتتىرىپ:

— بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنى ئەكەلمىسىڭىزمۇ بولىدىغان ئىش بولىدۇ، بولمايدىغىنى بولمايدۇ، — دېدىم.

— ئەمىسە دىپلومنى ھەل قىلغىلى بولمايدىكەن - دە؟

— ياقەي، بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن دىپلومنى ھەل قىلىپ بېرەي، ئەمما مېنىڭ غەم قىلىۋاتقىنىم دىپلوم ئەمەس، ئالىيەنىڭ ئىستىقبالى، — دېدىمەن مۇڭغا چۆككەن ھالدا.

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىن كۆرسۇن، تارتماي ئىلاجى يوق شۇ كەلگۈلۈكنى. ئەمىسە سىزگە تاپشۇردۇم دىپلومنىڭ ئىشىنى، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

مەن پىرەنىكنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ شۇنچە تىركەشكەن بولسامۇ، ئۇ ئايال: «ياراتمىدىڭىزمۇ، ئاز كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەندەك ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ پىرەنىكنى قويۇپ كەتتى. مەن سالاغا بوش ئوخشايمەن، شۇنچە قىلىپمۇ قايتۇرالمىدىم. ئاخىر كۆڭلۈمدە دىپلوم پۇلىنى ئالماسلىقنى ئويلاپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بەردىم.

ئۇ كەتتى. مەندىن رازى بولۇپ، يەنە كېلىپ خۇددى ئۆزىنى ماڭا قەرزداردەك ھېس قىلىپ يالۋۇرغاچ كەتتى. بىچارە

ئايال بارلىق ئۇمىدىنى ئاشۇ كۆنلۈك ئىشلەپ ئاران تاپقان پۇلىغا ئالغان پىرەنىككە باغلىغانىدى.

ۋىجدان، ئەي ۋىجدان! قەيىرىمگە مۆكۈۋالغانسەن؟ نىمىشقا ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا گۇناھىڭنى تونۇمايسەن؟ ئەسلىي ئۇ ئايال ساڭا تاپشۇرغان بالىسىنى ئاشۇنداق تەربىيەلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن چاچلىرىڭنى يۇلسا، بالامنىڭ پاكلىقىنى تۆلەپ بەر، گۈزەل ھاياتىنى، گۈزەل ياشلىقىنى، گۈزەل كەلگۈسىنى تۆلەپ بەر دەپ ساڭا ئېسىلىۋالسا توغرا بولاتتى. ئەمما، ئۇ بۇنداق قىلىشنى بىلەلمىدى، ياكى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالدى، نىمىشقا سەن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىمايسەن؟ سەن ئۇنداق قىلالمايسەن، قىلغۇڭ بولسىمۇ جۈرئەت قىلالمايسەن، چۈنكى سېنىڭ ئاناڭ بەرگەن پاك ۋۇجۇدۇڭ شاۋقۇنلۇق دۇنيانىڭ چاڭ - توزانلىرىدا بۇلغىنىپ كەتكەن، روھىڭ زەئىپلىشىپ، يىرگىنچلىك بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. روھىي غەليانلىرىم ئەنە شۇنداق جار سالاتتى. ئەمما، تېشىمغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. تولىمۇ يىراق، ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغان بىر يەردە ئاجىز نىدا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

× × ×

ئۇنىڭغا ھامان ئېرىشىمەن. زورلاپ ئەمەس، ئىراقىمدا كۆل قىلىپ ئاندىن ئېرىشىمەن. ئۇ ھامان بىركۈنى ماڭا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىدۇ، مەن ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. بۇ خىيال ھەر ۋاقىت قەلب ئالىمىمدە ھۆكۈمران ئىدى.

— ئايشەم، ياتىقىڭىزدا قايناق سۇ بارمۇ؟ نانچۇ؟

مانا بۇ ئاۋاز كۆن ساناپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاۋاز ئىدى. مەن بۇ ئاۋازنى دەسلەپ ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن مۇنداقلا ئاڭلىغان بولسام، بارا - بارا ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئاڭلاشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە شۇ قەدەر مەمنۇن بولۇپ كېتىمەنكى، مۇشۇ ناننى ئەجداد قىلغان ئەجدادلىرىمغا مىڭ تەشەككۈر ئېيتىپ كېتىمەن. ئۇ دائىم تاماق ئارىلىقىدا شۇنداق دەپ ياتىقىم ئالدىغا كېلەتتى. ياتىقىم 2- قەۋەتتە بولۇپ، بالكونلۇق ئىدى. شۇڭا، ئۇ پەستە تۇرۇپلا مېنى چاقىرسا، ياتاق - ياتاقلاردىن ساۋاقداشلىرىم باشلىرىنى چىقىرىپ: «بىز بولساقمۇ بولامدۇ؟» دېيىشىپ چاقچاق قىلىشاتتى، ئۇ يوق يەردە بولسا مېنى ئۇنىڭغا «چاپلاپ»، مېنى خىجىل قىلاتتى.

چاقچاقلار داۋاملاشقانسېرى يۈرىكىمگە ئىسسىق ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىسسىق ئۆتكەنسېرى دەسلەپكى شېرىن، نومۇسچان تۇيغۇلار بارغانسېرى ئازابلىق تۇيغۇلارغا ئالماشماقتا ئىدى. ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمىسەم ياكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىسام چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئاخشىمى بېشىمنى يوتقانغا پۈركەپ ئۇنىسىز بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئەمما، ئۇ نان بىلەن قايناق سۇ سوراشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. مېنىڭ ئازابلىق ئىزتىراپلار قوينىدا پۇچىلىنىۋاتقانلىقىمنى ئازراقمۇ ھېس قىلمىغاندەك قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ سىنىپىدىكى بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان كۆزلىرىمگە مىڭ لەنەت ئوقۇدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈش قارارىغا كەلگەن بولساممۇ، ئەمما تۇيغۇلىرىم ئەقلىمگە بويسۇنمىدى. ئازابلىق تۇيغۇلىرىم ئۈنسىز، ئىزچىل ئۇنى سېغىنىپ يۈرۈۋەردى.

بىر كۈنى مەكتەپ رادىيوسىدىن قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قاتاردا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. ئۇ هاراق ئىچىپتۇ.

مىش - مىش گەپلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ياتىقىغا شۇال چۈشۈپتۇ: پۈيىز ئىستانسىسى رايونىدا تۇرۇشلۇق تىجارەتچى بىر قىزغا چېقىلىپ قويۇپ، شۇنىڭ دەردىدە هاراق ئىچكەنمىش. كېيىن نېمە بولدى، بىلمىدىم. ئەمما، بۇ ئىش ماڭا بەكلا ئېغىر كەلدى. بەكلا چوڭقۇر، يەنە كېلىپ قۇتقۇزۇش قىيىن بولغان پاتقاققا پېتىپ قالغانلىقىمنى هېس قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا باشقىچىلا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. هېلىقى قىز ساۋاقدىشىنىڭمۇ باشقا بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شوخلۇقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئەمدى نان، قايناق سۇ سورىمايدىغان بولدى. پەقەت ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. مەن بۇنداق چاغدا بەك خۇش بولۇپ، پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن يېزىپ بېرەتتىم. بەزىدە تەلەپ قىلىپ كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتىم. شۇنداق بېرىلىپ يۇياتتىمكى، ئەتراپىمدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنى، كىملەرنىڭ سۇخانىغا كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزەلمەيتتىم، هەتتا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قاتتىقراق ئۇۋۇلاشقىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن هەر قېتىم ئۇچراشقىنىمدا غايىۋى بىر ئارمىنىم يالقۇنلايتتى. ئۇنىڭ مەندىن سۆيگۈ سورىشىنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلاتتىم-يۇ، ئەمما ماقۇل بولۇشقا ئىشەنچىم يوق ئىدى. چۈنكى، هەر قېتىم قەلبىم شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق بولاي دېگەندە، ئۇنىڭ هېلىقى ئىشى قارا چۈشكە ئوخشاش

يادىمغا كېلىۋېلىپ ئىچىمنى پۇشۇراتتى. پېشانەمگە قانداق تەقدىرنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئىچىمدە بوران گۈركىرەپ تۇرغاندەك، قەلبىم مۇدھىش سايىلەر ئىسكەنجىسىدە پۈكلىنەتتى.

ئۇ ماڭا بىرەر قېتىم يۈزتۇرا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ باقمىدى. ئەمما، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ماڭا يەتتە بەتلىك مۇھەببەت خېتى يېزىپ بىرسىدىن ئەۋەتىپتۇ. شۇ كۈنى قانچىلىك خۇش بولغانلىقىمنى ھەم قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئۇ ئاخىر چۈشەندى، ئاخىر ئازابلىرىمنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئازابلىرىم ئۇجۇقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۆزۈمنى خۇددى پۈلسىرات كۆۋرۈكىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. كۆچلۈك بىر غەليان يۈرىكىمنى مالتىلاشقا باشلىدى. يۈرىكىم زېدە بولۇپ، زەرداب ئېقىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ كەتتى.

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇيغۇلىرىم يول قويسىمۇ، ئەقلىم كۆتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىمقى ھەللەق ئىشى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيۈپسۈزۈك تۇيغۇلىرىمغا يۇندى چېچىۋەتكەنىدى. بىراق، مەن ئۇنىڭغا بولغان ئازابلىق تەلپۈنۈشتىن قۇتۇلالمايتتىم، يۇلقۇنۇپ باقسامۇ، يۇلقۇنۇپ چىقالمايتتىم. ئاھ، قانداق قىلىمەن؟! ئۇنىڭ يۈرەك تارىمنى چېكىدىغان ئوتلۇق خەتلىرى جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويدى. ئەمدى تېخىمۇ ئازابلىق بىر تاللاش مېنى قىينايتتى.

خەتنى يۈرىكىمگە بېسىپ دۈم يېتىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتىم. ياتاقداشلىرىم ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سوئال سوراشقا باشلىدى. مەن ئۇزاققىچە ھېقىقلاپ يىغلاپ،

گەپمۇ قىلالماي قالدىم. بىرچاغلار بولغاندا يىغىدىن توختاپ، يۈزۈمنى تامغا قىلىپ يېتىۋالدىم. يېقىن دوستۇم ماھىنۇر ئاستا قېشىمغا كېلىپ خەتنى قولۇمدىن ئالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ھۇ ساراڭ! ئادەمنى قورقۇتۇپ نېمانچە يىغلايسەن؟ بىز تېخى نېمە بولدىكىن دەپ قورقۇپ كېتىپتۇق. قورقۇنچلۇقتا كاللىمىزغا كەلمىگەن خىيال قالمىدى. بۇ يىغلايدىغان ئىش ئەمەسكەنغۇ؟ خۇش بولساڭ بولىدۇ. بۇ سېنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارمانىڭ ئىدىغۇ؟ نېمىگە يىغلايسەن؟

ئۇلار مېنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى. «ساراڭ»لىقىمغا ھەيران بولاتتى. مەن ئازابتىن ھالسىرىغان يۈرىكىمگە رەھىمسىزلەرچە تىغ ئۇرۇپ، قان تېمىتتىم، لېۋىمنى چىشلەپ يارا قىلدىم. بارچە ئارمانلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلدىم: ئاخىر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشەنچىم يوق ئىدى، «ئۇ بىر كۆڭلەردە يەنە بىر گۈزەلگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ قالىدۇ» دەپ ئويلىدىم......

× × ×

مېنىڭ تەنھالىقىم ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. يېشىم ئوتتۇزدىن ئاشسىمۇ توي قىلماي يۈرۈشۈم ھەرگىزمۇ ئۇنى ساقلىغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئۇنتۇيالمىغانلىقىمدىن ئىدى. مەن ۋاقىتنىڭ ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتىم. بىر كۈنلەردە ئۇنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەندە ئاندىن ئىككىنچى بىر يولنى ماڭىدىغانلىقىمنى پەرەز قىلاتتىم. ئەقلىم شۇنداق بۇيرۇق قىلسىمۇ، تۇيغۇلىرىم ئۇنىڭغا

ئېرىشىشنى ئىستەيتتى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. ئۇنى پات ـ پات يوللاردا ئۇچرىتىپ قالاتتىم، ئەمما ئۇ قارىماي ماڭاتتى. ئۇنىڭ ماڭا قارىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم ـ يۇ، لېكىن قارىسا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمما تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنىدىم. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: ئۇ ئاجرىشىپ، ئوغلىنى تىرىك يېتىم قىپتۇ. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئاجراشقانلىقىنى بىلمىدىم. كوچا پاراڭلىرىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ دەيسىز. تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ، بەلكىم ئاجرىشىش سەۋەبىنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىلىشى مۇمكىن. ئەتراپتىكىلەر مىڭ بىلجىرلىغان بىلەنمۇ ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئەھۋال ئەمەس.

ئۇنىڭ بۇ بەختسىزلىكىدىن يۈرىكىم ئېچىشتى، بولۇپمۇ بالىسىغا ئىچىم ئاغرىدى. ھازىر بىلمەيدۇ، بىر كۈنلەر كەلگەندە ئۆگەي دادا، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالىدۇ. ئۇلار يۇمشاق كۆرپە سېلىپ بەرسىمۇ، ئۆز ئانىسىنىڭ، ئۆز دادىسىنىڭ ئەسكى پالىسىنى سېغىنىدۇ.

بۇ خەۋەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. توۋا، نەچچە يىللار ئۆتۈپ، ئۇ خەقنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يۈرىكىمنىڭ جىغىلدىشى ئۆزگەرمەپتۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ زادى؟ ئۇ ئۆتەر يولۇمدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمىغىلى ئون نەچچە يىل بولغانىدى. كۆزلەر ئۇچراشتى. قانداقتۇر غېرىبانە سۇنۇق نۇر جانسىز سۆلكەتتە بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ ئايشەم، سىزنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن

بوپتۇ، ئوبدان تۇرغانسىز؟ــ دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن.
ئۇنىڭ ماڭا بۇ قەدەر قىزغىنلىق قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.
ــ ياخشى تۇردۇم، مەنمۇ سىزنى كۆرۈپ تۇردۇم،ــ دېدىم جاۋابەن. بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدىم.
ــ سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.
ئاھ! قانچە قېتىملاپ كۈتكەنىدىم-ھە، مۇشۇ گەپنى؟! ئاخىر بۇ گەپكە ئېرىشتىم. ئەمما، ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك زىيادە ھاياجانلانمىدىم. ئازراق ۋەھىمە قەلبىمدە ئەۋجەيتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، گەرچە ۋىسال قۇچالمىسامۇ، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى.
ــ قېنى، دەۋېرىڭ،ــ دېدىمەن ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدۇمنى تەسلىكتە تىزگىنلەپ.
ــ مۇنداق گەپتى. مەن ئازراق قارتا ئويناپ قويۇپ 200 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم. خوتۇنۇممۇ مۇشۇ سەۋەبتىن مەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. مەن زادى چىقىش يولى تاپالمىدىم، ياردەم قىلامدىكىن دېگەن......
بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شۈركۈنۈپ كەتتىم. ئۇ گە - ئۇگىلىرىم بوشىشىپ كەتتى. مادارسىز پۇتلىرىمنى، جانسىز گەۋدەمنى سۆرەپ ئالدىمغا ماڭدىم. قالغان گەپلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئۆمىدسىزلىك مېنى شۇ قەدەر چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.
شۇ تاپتا ئەقلىم بىلەن تۇيغۇم جەڭ قىلىۋاتاتتى: «توختا، ئۇ سېنىڭ بارلىقىڭ!» دەيتتى تۇيغۇم. «ياق، مېڭىۋەر، ئۇ سەندىن پايدىلانغۇچى، ئەقىدەڭگە، ساداقىتىڭگە پىسەنت قىلمىغۇچى!» دەيتتى ئەقلىم. ئاخىر قەدەملىرىم

تونتىدى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا مىختەك قادالدىم. ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇشقا باشلىدى.

— ئەينى ۋاقىتتا سىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىم. سىزنى ئۆمۈرلۈكۈم دەپ قارىغانىدىم. قىلچە ئاۋارە قىلمىغانىدىم. ئەمما، سىز بۇنى چۈشەنمىدىڭىز. كىچىككىنە گۇناھىمغا ئېپسىلىۋالدىڭىز. شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە ھەقىقىي تەلەپ قويغانىدىم، بىراق سىز رەت قىلدىڭىز. مەن بىلەتتىم، سىز مەندىن باشقا ئادەم بىلەن توي قىلسىڭىز بەختلىك بولالمايتتىڭىز. تەلىپىمنى رەت قىلغانلىقىڭىزدىن غۇرۇرۇم ۋايىم يەپ، سىزگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن توي قىلدىم. لېكىن، ھالىم مۇشۇ، كۆرگەنسىز؟ ئەمدى دەردىڭىز چىققاندۇ؟ — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن. مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. شۇ تاپتا كىم كىمگە ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.

— بولدى قىلىڭ. ئۆتكەن ئىشلارنى دېيىشمەيلى. ئەمدى كونا خامانىنى سورۇغانىنىڭ پايدىسى يوق. بۇ باشقا ئىش، سىزگە ياردەم قىلىش ئىشى باشقا ئىش، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋالماڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

شۇ تاپتا ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك بىئارام بولماقتا ئىدىم. ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى مائاشىمنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك بانكىغا سېلىپ كەلگەنىدىم. بۇ ئۇكامنى ئوقۇتىدىغان پۇل ئىدى.

ئانامغا بولغان گەپلەرنى دېدىم. ئانام تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، دائىم كىتاب ئوقۇيتتى. بەزىدە مېنىڭ ۋاقتىم يەتمەي ئوقۇيالمىغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بېرەتتى.

ئانام قوشۇلدى. بىچارە ئانام — تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن ئانام قوشۇلدى. مېنىڭ شۇ قەدەر مىسكىن كۆڭلۈمنى چۈشەندى. بىر كۈنى مەن تېلېفون ئۇرۇپ 100 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا بەردىم. ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ نومۇرىنى

يېزىۋالغانىدىم. ئۇ ئاچىسى بىلەن بىللە كەپتۇ. ئاچىسى تولىمۇ ئوچۇق مىجەزلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئاچىسى قولۇمدىن پۇلنى ئالدى ۋە ماگا يېنىش - يېنىشلاپ تەشەككۈر بىلدۈردى. خوشلىشىپ قايتىدىغان چاغدا ئاچىسىنىڭ يىغلاپ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ يىغىسىدىن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بېشىغا نېمە دەرد كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئۆيگە كەلسەم ئانام بېشىنى سىلاپ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا ئولتۇرۇپتۇ. مەن نېمە بولغانلىقىنى سورىدىم. ئانام يىگى بىلەن كۆز چانىقىدىكى ياشنى سۈرتكەچ، مېنى ئولتۇرغۇزدى - دە، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا:

— بالام، بىرگە كۈن بار ئوخشايدۇ. ئۇكاڭ مەكتەپكە بارمىغىلى ئۈچ كۈن بوپتىكەن، سىنىپ مەسئۇلى تېلېفون ئۇرۇپتۇ. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ بىر ئاغىنىسى بىلەن چىڭخەيگە كېتىپتۇ. ئۇلار «چىڭخەيدە پۇل تاپماق ئاسانكەن، جىق پۇل تېپىپ ئىگىلىك تىكلەيمىز» دەپ كەتكەنمىش. بۇنى بىر ساۋاقدىشى دەپ بەردى. داداڭ چىڭخەيگە كەتتى. چاقىلىق ئارقىلىق باردىكەن. مەن ئەنسىرەپ قالدىم. داداڭنىڭ ئۆپكە كېسىلى قوزغىلىپ قاپتىكەن، ئەمدى ئۇ يەردە قىينىلىپ قالارمۇ؟ — دېدى.

ئېغىر بىر غەم يەلكەمنى باسماقتا ئىدى. مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۇكامنى ئۇنداق قىلار دەپ خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن. كونىلارنىڭ «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن. مەن ئانامغا تەسەللى بەردىم ۋە كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلدىم. ئەمما، هەر ئىككىمىزنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، ئەتكەن غىزالىرىم شۇ پېتى قالدى.

شۇ تەرىقىدە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈش شۇنداق تەسكە توختىدى. مەندىكى غەم - غۇسسە

يەنە بىر قات كۆپەيدى. بىئارامچىلىق، بۇرۇقتۇرمىچىلىق يۈرىكىمنى مىجىشقا باشلىدى. ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ھەسرىتىمنى بىلدۈرمىدىم. ئارىدىن 10 كۈن ئۆتكەندە دادام ئۆكامنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار سالپايغان ھالدا چىرايىمىزغىمۇ قارىماي كىرىپ كەلدى. دادامنىڭ تۇرقىدىن پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يۈز - كۆزلىرى توپا تەرەت، قاپاقلىرىمۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا گەپ قىلىش دۇنيادىكى ئەڭ بىمەنە، ئارتۇقچە ئىش بولۇشى مۇمكىن.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئاكامنىڭ ئايالى مېنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. پاكىز ھەم ياسداق ئۆيگە قاراپ، يەڭگەمنىڭ ئىشچانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم.

— كىلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ماڭا چاي قۇيدى. مەن ھەشقاللا ئېيتىپ چاينى پەتنۇستىن ئالدىم. خۇددى مۇئەللىمىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىدەك، قورۇنۇپ ئولتۇردۇم.

— بىرسى مېنى سىزگە ئەلچىلىككە قويغانىدى، — دېدى ئۇ چىرايىمغا لاپپىدە قاراپ.

ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭغا ھەشقاللا ئېيتىشىم كېرەكلىكىدەك مەنە بار ئىدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋالدى، بەلكىم مېنى تەقەززا قىلماقچى بولسا كېرەك.

— سوراپمۇ قويمايسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ خۇددى مەن پەرەز قىلغاندەك.

— سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى. دېگۈڭىز بولسا دەۋەر-مەمسىز؟ — دېدىم مەنمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي.

— بوپتۇ، دەۋېرەي. يېشىڭىزمۇ ئوتتۇز بەشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالدى. توي ئىشىڭىزنى ئويلاشمىسىڭىز بولماس. بۇ لايىقنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم، نېمىلا دېگەنبىلەن

مەن يەڭگىڭىز ئەمەسمۇ. خەقلەر «قېينىسڭلىڭىز نېمشقا توي قىلمايدۇ؟» دەپ سورىغىلى تۇرسا، ئۇڭايسىزلىنىپ قالىدىكەنمەن. «ئۇينىڭ تۇيىقىغا ئۇرسا، مۈڭگۈزى سىرقىراپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار ھەرگىز ياخشى مەنىدە دېمىگەندىكىن، غۇرۇرىغا تېگىپ قالىدىكەن ئادەمنىڭ. ئىككى قېتىم توي قىپتىكەن، خوتۇنلىرى ئەسكى چىقىپ قېلىپ ئاجرىشىپ كېتىپتىتۇ. تىجارەتچىكەن، كىرىمى ياخشى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. قانداق، كۆرۈشۈپ باقامسىز؟

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەمدەك ھېس قىلدىم. مەغرۇرلۇقۇم ئۆز ھەيۋىسىنى يوقاتتى. يۈرىكىم پىچاق بىلەن قوچۇلغاندەك ئاجايىپ ئاغرىپ كەتتى.

مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، ھەتتا يەڭگەمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، تېز - تېز چامداپ چىقىپ كەتتىم. ئەسلىي بىرنەرسە دېگۈم بار ئىدى، ئەمما بىچارە ئاكامنى ئايىدىم، يەڭگەمنىڭ شور ئېغىزىدىن پىلموتنىڭ ئوقىدەك چىقىدىغان ھاقارەتكە قويۇشنى خالىمىدىم. ياۋاش ئانامۇ ئاكامنى ئاياپ، يەڭگەمنىڭ ۋارقىراشلىرىغا چىدايدىغۇ؟ ئاكام دوستلىرىنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىدا ھاراق ئىچىپ قويسىلا، يۈگۈرۈپ كىرىپ ئانامغا قولىنى چەنلەپ: «بالاڭنى باشقۇرامسەن - باشقۇرامسەن؟ ئادەمدەك چوڭ قىلساڭ بولمامتى ئۇ ئىمانى يوق، لاتىپۇرۇش ھېجىقىزنى......» دەپ نەچچە قېتىم تىللىغان. بۇنداق چاغدا بىرنېمە دېگۈم بولسىمۇ ئانام توسۇۋالاتتى. ئانام يەنىلا يەڭگەمگە چىرايلىق گەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

ئانام ئۇچرىغان شۇ ھاقارەتلەر ئالدىدا بۇ نېمىتى دەيسىز؟

بىرنەرسە دېدىمۇ، بولدى، ئاكامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، مېنى ئەر ئالمىغاندىن ئەر ئالمىغانغا سېلىپ تىللاپ كېتىدۇ. ئاكام بىرنەرسە دېمەكچى بولىدۇ - يۇ، يەنىلا ماڭا قاراپ ھومىيىدۇ. ئاكام ئەسلىدە ئۇنداق توخۇ يۈرەكمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما مۇشۇ مېنىڭ ئىشىم ئۇنىڭ تىلىنى تۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلارنى بىلىمەن، شۇڭا زۇۋان سۈرمەي چىقىپ كەتتىم.

ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇردۇم. شۇ تاپتا ئېغىر ھاقارەت مېنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىغا ئورناپ كەتكەن ئەقىدە، مۇھەببەت تەۋرەنمەكتە ئىدى. بۇ قېتىم يامان ئەمەس لايىق چىقسا چوقۇم ياتلىق بولىمەن. ئاكامنى، دادامنى، ئانامنى ئەل ئالدىدىكى تىل قىسىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ ئويلىدىم......

× × ×

خىزمەتداشلىرىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھە دېسە ياپتا گەپ قىلىپ، ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. بەزى ئىككى بالىسى بار، بالىلىرى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئېرىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، كۆز- قۇلاق بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا «ئەر ئالمىغان رەسۋالار»نىڭ ئېرىنى ئازدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەكرار سۆزلەيتتى. بەزىلىرى پىلان دەپتەرلىرىنى تەگلەپ: «سىزنىڭ ئاخشىمى ئىشىڭىز بولمىغاندىكىن، تۆت تامغا قاراپ زېرىككىچىمۇ قالىدىغانسىز. شۇڭا، بۇ پىلاننى تۈزگەچ كېلىڭە» دەيتتى. بۇنداق چاغدا گەپ قىلغۇم كېلەتتى - يۇ، بىراق

يەنىلا ئادىمىلىك پەزىلىتىمگە داغ تەگكۈزۈشتىن ئەنسىرەپ، گەپ قىلماستىن چىرايلىقچە رەت قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنمىگەنگە سىلىقۋالاتتىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مەكتەپنىڭ ئالدىدا مۇختارنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۇخلىمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مەن كۆلۈمسىرىگىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. ئۇمۇ سالىمىمنى ئىلىك ئالدى ۋە تۆۋەن ئاۋازدا:

— ئانام سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، چاقىرىپ كەل دېگەنىدى، — دېدى-دە، ئالدىمدا ماڭدى. مەن بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئەگەر ئىلگىرىكى ۋاقىتلار بولغان بولسا ھەرگىزمۇ ئەگەشمەيتتىم. باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ «ھەللەق، قىمارۋاز»ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئەگىشىپ مېڭىشىمغا ئەرزىمەيتتى. ئەمما، ئون نەچچە يىللىق ئەقىدەم، يوشۇرۇن كۆيۈكۈم، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ بېسىمى، ھاقارەتلىرى، شۇ ۋەجىدىن تەۋرىنىپ قېلىۋاتقان ئەقىدەم، ياخشى كۆرۈش دېگەنلەر مېنى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا ئۈندەيتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. كونىراپ كەتكەن ياغاچ دەرۋازىلىق، تاملىرى پوپاڭلىشىپ كەتكەن، لەمپىلىرى ئېچىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ بىر يېرۈش ئۆي ئۇنىڭ ئىدى.

مەن قورۇنۇپقىنا كىردىم. مۇختار مېنى ئايۋانغا باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايۋان سەل قاراڭغۇ بولغاچقا، دەماللىققا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

— كېلىڭ، بالام، تۆرگە ئۆتۈڭ، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ سىنچىلاپ قارىۋىدىم، تام تۈۋىدە يوتقان سېلىپ ياتقان موماينى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. بىردەم ئەھۋاللاش-

قاندىن كېيىن، موماي يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. يىراقلاردىن بوران ئۇشقىرتىۋاتقاندەك چىقىۋاتقان يۆتەل ئاۋازى يۈرىكىمنى ئېزەتتى. ئۇ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزلەشكە باشلىدى:

— بالام، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىزىم ساجىدەمدىن ئاڭلىدىم. سىزمۇ بىر بىتەلەي ئوخشايسىز. مېنىڭ بۇ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئۆلگۈر بالامغا يولۇقۇپ قالغان ئادەمنى مانا مۇشۇنداق نەس باسىدۇ. نەۋرەمنىڭ ئانىسىمۇ ياخشى كېلىن ئىدى، ئەمما ئوغلۇم قىمار ئويناپ يۈرۈپ، ئۇ كېلىنىمنى بىزار قىلىۋەتتى، بالىسىمۇ تىرىك يېتىم بولدى. نېمە ئامال بار دەيسىز؟ كۆتۈم سېسىق دەپ كېسىۋەتكىلى بولمىسا. ئەمما، بۇ بالامنىڭمۇ ياخشى تەرەپلىرى كۆپ. ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ، باغرى يۇمشاق، نەۋرەمنىڭ ئانىسىغىمۇ شۇنداق كۆيۈنەتتى، ئەمما ئۇ كېتىپ قالدى. ئۆھۇ...... ئۆھۇ......

ئۇ يەنە يۆتىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇختارنى بىردە تىللاپ، بىردە ماختاشلىرىدىن ئانا بولغۇچىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

— بالام، جىق گەپ قىلسام قىينىلىپ كېتىدىكەنمەن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي. مەن ئۇزۇن ياشىيالمىغۇدەكمەن. باللار دادىسىدىن كىچىك قالغان. ساجىدەمنىڭ تېخى باللىرى ئۇششاق، يېتىشىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا مۇشۇ مۇختار بالامنى بىر ئۆي - ئوچاقلىق قىلىۋالسام ئارمىنىم يوقتى. ساجىدەم بەك گېپىڭىزنى قىلىپ كەتتى. مۇختارنى جازانىخورلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋاپسىز. بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا ھەشقاللا. قىلغانىكەنسىز، ئاخىرغىچە قىلىڭ. مۇختارغا دېگىن دېسەم، مەن دېسەم ئۇنىمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. يۈز كېلەلمىگەچكە

شۇنداق دېگەن گەپ. بىلگەنسىز، ئۇ خېلى ۋىجدانى بار بالا. ئـۇ ۋەدە بەردى، ئەمـدى ئـادەم بولـدۇ، شـۇڭا پەردىـشەپنى قايرىـپ قويۇپ، ئـۆزەم ئېغىـز ئېچىـشقا مەجبـۇر بولـدۇم. مـاقۇل بولۇڭ...... ماڭا كېلىن بولۇڭ! ئۆھۇ...... ئۆھۇ......

ئۇ يەنە يۆتىلىپ كەتتى. شۇ تـاپتىكى كەيپىيـاتىم بەكـلا تۇراقـسىز ئىـدى. ۋىـسالىمغا يېتىـدىغىنىمنى، ئۇنىڭغـا ئېرىشىدىغىنىمنى ئويلىسام يۈرىكىم ھاياجاندىن تېپچەكلەيتتى. ئەمـا، ئۇنىـڭ تۇراقـسىز، ھەلـلەق، قىمـارۋاز ئىكەنلىكىنـى ئويلىسام بىئارام بولاتتىم.

يەنە ئۆچىنچى بىر خىل سەزگۈمۇ بار ئىدى: ئەترايىمـ ـدىكىلەرنىڭ ھاقارەتلىرى، يەكلەشلىرى، ئانامنىڭ بىقوۋۇللۇقى، دادامنىڭ غورۇرى بىر بولۇپ ماڭا بېسىم ئىشلەتمەكتە ئىدى.

كاللام قۇپقۇرۇق. نـېمە دېيىـشىمنى بىلمىـدىم. ئەمما، كۆز ئالـدىمغا ئانامنىـڭ بىچـارە ھـالىتى، دادامنىـڭ مـۆكچەيگەن گەۋدىـسى، ئاكامنىـڭ يەڭـگەم ئالدىـدىكى بىچـارە ھـالىتى، ئانـدىن يەنە ئۆزۈمنىـڭ ئـون نەچـچە يىللىـق ئـازابلىرىم، كۆتۈشـلىرىم مىنـى مـاقۇل دېيىـشكە ئۈنـدەيتتى. شـۇنداقتىمۇ بولغۇسى قېيىنئانام ئالدىدىكى ھايا، نومۇس كۈچى مېنى گەپ قىلىشتىن ھېيىقتۇراتتى.

— مەن مۇختارنىڭ ئـۆزىگە دەي، — دېـدىم كـېكەچلەپ تۇرۇپ.

— مۇنـــداق گەپ، مېنـــى داۋالـــتمەن دەپ پۇلغـــا يارىغۇدەك ھەممىنى سېتىپ بولدى، شـۇڭا تـوينى قەرز ئېلىـپ قىلىدىغان گەپ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مۇختارغا ئەمدى ھېچقانداق بانكـا يـاكى شـەخس قەرز بەرمەيـدۇ...... بىزنـى كەچـۈرۈڭ، بالام، مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مۇختار بىر ئۆيگە كىرمىسە مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ......

ئۇ يەنە يۆتىلىپ كەتتى. مەن يۈك ئارتىلغان ئۆكۈزدەك ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ، موماي بىلەن خوشلىشىپ تالاغا چىقتىم.

ئازابلىق بىر خىيال يۈرىكىمنى غاجىلىماقتا ئىدى: ئېھ يىللار، سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە! قېنى مېنىڭ زەبەردەس يىگىتلەرنى رەت قىلغان چاغدىكى مەغرۇرلۇقۇم؟ قېنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئايرىم ئۆيى بار، ئۆزى قاملاشقان، ئاتا - ئانىسىمۇ، نەسەبىمۇ بار يىگىتلەرنى تونۇشتۇرغان چاغدىكى ئىلتىجالىق كۆزلىرى؟ ئاھ، رەھىمسىز يىللار! سەن مېنىڭ ھەممە نەرسەمنى ئەخلەت سۈپۈرگەندەك تۈيدۇرماي سۈپۈرۈپ ئېلىپ كېتىپسەن......

مەن ۋېلسىپىتىمنى تېز - تېز تېپىپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا ئۇپۇق مەن بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك، ئاخىرقى قىزىللىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

× × ×

ئۇكامنىڭ ئىشى ئۆيدىكىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋەتتى. ئۇ ھە دېسە كەپتەرۋازلىق قىلىپ، ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ يۈرۈپ، بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتاي دېمىدى. دادام ئۇنى چىڭخەيدىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بىر مەزگىل يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەھەللىدىكى كەپسىز باللارنىڭ كەينىگە كىرىپ، كەپتەرۋازلىق بىلەن ئىت تالاشتۇرۇشقا خۇمار بولۇپ قاپتۇ. دادام ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش توغرۇلۇق كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ گەپ ئاڭلىمايۋاتاتتى. ماقۇل دەيتتى - يۇ، يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلاتتى. ئاخىر

ئۆيدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا كىچىككىرەك بىر تاللا ماگىزىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولۇشتى. بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ يەنە باش ئاغرىقىم قوزغالدى. ھېلىقى چاغدا مۇختارغا بېرىپ تۇرغان 100 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. قانداق دەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت تېخى ئايرىلمىغان، قىل ئۈستىدە تۇرغان تۇرسا......

مەن بار ئەھۋالنى ئانامغا دېيىش قارارىغا كەلدىم. ئانام سۆزلىرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ كەتتى:

— قانداق ئادەملەركەن ئۇ، قائىدە ئۇقمايدىغان؟ نېمىشقا سېنى چاقىرتىدۇ؟ سېنى چاقىرتىشىدىكى مەقسىتىنى ئۇقمىدىڭمۇ، دۆت؟! بۇ ئېنىقتىن - ئېنىق ئوغلۇمغا ئۈستەك بېرىپ تەگىسىڭىز تېگىڭ، بولمىسا يول ئەنە دېگىنىمۇ ئۇ خەقنىڭ. نېمە گەپ بولسا ئۆيگە كەلسە بولمامدۇ؟ سەن بىغەرەزلىك قىلماي، دەرھال ئا پۇلنى ئەكەل، بولمىسا ئۆزەم بارىمەن.

— ئانا، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. مۇختارنىڭ ئانىسى ئېغىر كېسەلكەن، ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن، شۇڭا مېنى چاقىرتقان گەپ.

— بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى كېسەلمىكەن؟ نېمىشقا باشقىلىرى بولسىمۇ كەلمەيدۇ؟— ئانام غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. مەن يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاغزىمنى يۇمدۇم. مۇشۇ يېشىمغىچە ئانامنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. كونىلارنىڭ «ئاچچىقى كەلسە توشقانمۇ ئادەم چىشلەيدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن.

قايسى كۈنى مۇختارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالغانىدىم. مەن بىردەم دېلىغۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا

تېلېفون ئۇردۇم. ئەمما، ئۇنىڭ تېلېفونى ئۇلانمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئىشلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، بىرسىگە دەپ ئۇنى چاقىرتقۇزدۇم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئالدىمغا كېلىپ توختىدى.

ــ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟ يولدا ئۇچرىسىڭىزمۇ قاراپمۇ قويماي كېتىدىغان ئادەم قانداق بولۇپ ئىزدەپ كەلدىڭىز؟ــ دېدى ئۇ هىجىيىپ.

مەن نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمىدىم. جاھاندا پۇل سۆيلەشتىن ئارتۇق تەس ئىش بولمىسا كېرەك، بولۇپمۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك نازۇك مۇناسىۋەتتە پۇل بېرىشكە بولاتتىكى، پۇل سۆيلەشكە بولمايتتى. ئەمما، نېمە ئامال؟

ــ مۇنداق گەپتى، ئۆيدىكىلەر ئۇكامغا كىچىك تاللا ماگىزىنى ئېچىپ بەرمەكچىكەن، پۇل يوق، شۇڭا هېلىقى...... هېلىقى سىزگە بېرىپ تۇرغان......

گېپىمنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە مۇختارنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى.

ــ ھە، ئەسلىدە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەپتىكەنسىز ـ دە؟ مەن تېخى ئانامنىڭ تەلىپىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلدىمىكىن دەپتىمەن. خاتىرجەم بولالماپتۇ ـ دە، ئۆيدىكىلىرىڭىز؟ قىزىمنى ئالسا، شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇلۇپ كېتەرمۇ دەپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنداقمۇ بولماستى، مەنمۇ پۇتون-سۆرۈك ئەركەك بولغاندىكىن تېپىپ بەرمەسمىدىم؟ سىزمۇ ئەجەب يامانكەنسىز ـ ھە؟ پۇلنى بېرىپ كۆڭلىمىزنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىڭىزنى ئاشكارا قىلماقچى بوپتىكەنسىز ـ دە؟ سەل ئالدىراپ كەتتىڭىزمۇ قانداق؟ تېخى ئىش پۈتكىنى يوققۇ؟ ئالدىراپ ئىشنى بۇزدىڭىز مانا......ــ ئۇ توختىماي چالۋاقايتتى.

ئۇ ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس ئىدى......

مىڭەمگە تۇمەنىمىڭ ھەرە كىرىۋالغانلەك غوڭۇلداپ كەتتى.

— ئۇنىداق ئەمەس، ئۇنىداق ئەمەس! مەن سىز دېگەن گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئويلىمىدىم...... — مەن كېكەچلەپ شۇ گەپنى ئاران قىلالىدىم.

— بوپتۇ. پۇلىڭىزنى بۇگۈنلا تېپىپ بېرەي. كەچتە تېلېفون ئۇرىمەن، شۇ چاغدا چىقىڭ. ھۆججەت يېزىپ چىقىشنى ئۇنتۇماڭ....... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خۇددى يەرگە دوق قىلىۋاتقاندەك تېز - تېز چامداپ كېتىپ قالدى.

قەلب ئاسمىنىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد يۇلتۇزىمۇ ئۆچتى. مادارسىز پۇتلىرىمنى يۆتكەپ گاراڭ ھالەتتە ئۆيگە قايتتىم. شۇ تاپتا بىرسى يۈرىكىمنى قاپقارا دەستىلىك پىچاق بىلەن تىلىپ-تىلىپ، چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتكەندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

مەن نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىم؟ مېنىڭ بەختىم مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ كەتسە -ھە؟! ئەمما، مەن ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئېرىشىمەن. ھازىرقى ۋەتىۋەرەك جىسمىغا ئەمەس، تەسەۋۋۇرۇمدىكى غۇبارسىز، تارتىملىق، مېھىر - مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان روھىغا ئېرىشىمەن. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە قايتىدۇ. ھازىرقىسى ھەرگىزمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان «ئۇ» ئەمەس......

كەچتە چىقتىم. ئۇ ئاچىسى بىلەن پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ. ئاچىسىنىڭ ئىلگىرىكى خۇش چىرايىنى دېمەيلا قوياي، مۇختارنىڭمۇ ماڭا قارار كۆزى يوق ئىدى. ئاچىسى پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، مەن لېۋىمنى چىشلەپ، تېنىم زىر-زىر قىلىپ تۇرۇپ، قەرز ئالغانلىق ھۆججىتىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم......

بۇرۇن بارات ئاتلىق بىر قوشنىمىز بولىدىغان. ئۇ بىر

كۈنى كەنتىمىزنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇققا تېۋىلغا يىغقىلى كېتىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئېشەكلەرنى يېتىلەپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە مېڭىۋېرىپ، بىر خارابىلىككە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە تۇتام ـ تۇتام پۇللار چېچىلىپ ياتقانمىش. ئۇ پۇلدىن بىر تۇتامنى قولىغا ئېلىشىغا پۇل ئۇۋۇلۇپ، قولىدا پەقەت ئۇششاق پۇل توزاندىلىرى قاپتۇ. ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەچكە، ئادەم باشلاپ كېلىپ ئاندىن بۇ خارابىلىككە كىرمەكچى بولۇپ مەھەللىگە يېنىپ كەپتۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى «توۋا» دەپ ياقىسىنى چىشلىسە، بەزى تەۋەككۈلچىلەر ئۇنىڭ بىلەن بارماقچى بولۇپ، ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ قۇملۇققا راۋان بولۇشتى. كەچتە ئۇلار ھېلىقى بوۋاينى تىللىغىنىچە قۇرۇق قول يېنىپ كەلدى. بارات بوۋاي ئۆزىنىڭ راست كۆرگەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرەلمىدى، ئۇ ھەتتا ئۇ يەرنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇ چۆلدە توگلاپ ئۆلۈپ قالغانغا قەدەر ئاشۇ خارابىلىكنى ئىزدىدى. بىچارە بوۋاي توگلاپ قېتىپ قالغاندى. ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆك تۇزغا بارغانلار ھارۋىسىغا تاشلاپ ئېلىپ كەلدى. بىر كۈن ئاۋارە بولغىنىغا ئۇ بوۋاينى تىللاپ، ئەركەكلىك غورۇرىغا تېگىپ قېينىغانلار ئەمدى ھۆركىرىشىپ يىغلاشماقتا، دېگەن گەپلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەكمەكتە، بوۋاينىڭ جىنازىسىنى تالىشىپ كۆتۈرمەكتە ئىدى......

شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ بوۋايغا ئوخشىتىپ قېلىۋاتاتتىم. قولۇمدىكى پۇللارمۇ ئاشۇ بوۋاينىڭ قولىدىكى پۇلدەك توزۇماقتا، پۇللا ئەمەس، جاھاندىكى جىمى نەرسىلەر قولۇمدىكى پۇل كەبى توزۇماقتا ئىدى......

# توي قىلىۋالسام بولاتتى

«ھەي، توي قىلىۋالسام بولاتتى. بەك ئۇزاق يۈرۈپ كەتتىم دېسە......»

ئېغىر بىر مۇڭ خىيال ئېكرانىمغا ئاشۇنداق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئەتراپىمدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم دولقۇنلىرى پەقەت كۆزۈمگە سىغمايتتى. خۇددى ئۇلار ئارتۇق تۆرىلىپ قېلىپ، يەر- شارىغا يۈك بولۇۋاتقاندەك. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار ماڭا گەپ قىلمىسا بولاتتى. قۇلىقىمدىكى تىڭشىغۇچنى ئېلىۋېتىپ، ئۇلارغا گەپ قايتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئۇلار خىيالىغا كەلتۈرمىسە كېرەك. ماۋۇ نەس باسقان موتوسىكلىت داۋاملىق ئوت ئالمايدۇ. ئۆيۈمگە ئېلىپ ماڭغان نانىنىڭ موتوسىكلىتنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلىپ ساڭگىلاپ تۇرغىنى تېخىمۇ ئىچىمنى پۇشۇردى. ئاخىر موتوسىكلىتنى يېتىلەپ ماڭدىم.

— نېمە بولدى؟ يېتىلەپ مېڭىپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى بىر تونۇشۇم.

— ھە، ئوت ئالماي شۇ.

ئالاھازەل ئونچە ئادەم بىلەن بۇ سوئال - جاۋابنى تەكرارلاشقاندىمىز.

«نېمىدىن قاچساڭ، شۇ كەپتۇ» دېگەندەك، ئەينى ۋاقىتتا مېنى ئاجايىپ قوغلاشقان، كېيىن شۇنداق سەتلىشىپ ئايرىلغان بىرسىنىڭ ئۇچراپ قالغىنىنى قارىمامدىغان.

— جېنىم ئائىشە، سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈپ

قالغىنىمنى بىلەمسىز؟ يۈرىكىم ئاجايىپ شېرىن بىر ئازاب بىلەن تولغان. كۆزلىرىم سىزنى ئىزدەيدۇ، يۈرىكىم سىزگە تەلپۈنىدۇ. سىزنى ئويلىسام ئىلا يىغا تۇتۇپ، يۈرىكىم ئىچىمگە پاتمىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىمەن. نېمىشقا توي قىلىۋالسىز دەيمەن؟ بۇ ئىشىڭىز خاتا بولۇپ قالغان. بۇ، ھاياتىڭىزدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭىز. سىزدەك گۈزەل ھەم ئىقتىدارلىق قىزنىڭ ئاشۇ ھاراقكەشكە مەنسۇپ بولۇپ كەتكىنىنى ئويلىسام ئىلا جۇدۇنۇم ئۆرلەيدۇ. قەيىرىنىمۇ يارىتىپ قالغان بولغىيتىڭىز ئۇ دەلدۈشنىڭ؟!......

بۇ گەپلەرگە ئازراق خاپا بولاتتىم، تېنىم قورۇلاتتى. بۇ گەپلەر تەكرار دېيىلەتتى. ئەمما، ئويلىسام - ئويلىسام، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. بۇ گەپلەر ھەربىر دېيىلگەندە ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، غېرىب ۋە ئازابلىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمغا تارايتتى.

ئادەمنى «خام سۈت ئەمگەك بەندە» دېسە ھەقىقەتەن توغرا بولغۇدەك. شۇ چاغلاردا كۆزۈم تورلىشىپ قالغان بولغىيمىدى؟!

شۇ كۈندىن باشلاپ ئازابلىرىم دەۋرەشكە باشلىدى. ئاجايىپ بىر يېقىمسىز ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىمنى ئازابلايتتى.

— ئويلاپ باقسام، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرىكەن. ئەمما، ئەمدى كېچىكتىم. ئەمدى ئىككىنچى بىر ئادەمگە كۆڭۈل بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس.

— مەن سىزنى ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ دەپ قىستىمايمەن، كاللىڭىزدىن ئۆتكۈچە ساقلايمەن. ئون يىل، ھەتتا يىگىرمە يىل بولسىمۇ ساقلاشقا سەۋرىم بار.

ئاھ! تېخى ھۆسنۈمدىن كەتمەپتىمەن. سۇنغان شاخلار قايتىدىن ئۆرلىشىپ، دەرەخ غولىغا سەكرىشىپ چىقىۋاتقاندەك، سولاشقان گۈل بەرگىلىرى ئاستا - ئاستا

قىزىرىپ ھۆسنىگە تولۇۋاتقاندەك رەڭدار كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۆزۈمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قايتا تاپقاندەك بولدۇم. ئىللىق باھار شامىلى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ، ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مۇنۇ ئېگىز بويلۇق، قاپقارا قاشلىق، يوغان قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بەردەم يىگىت كۆزۈمگە ئاجايىپ ئۇلۇغ بەخت قۇياشىدەك پارلاپ نامايان بولۇپ تۇراتتى.

ئۇنى ھەر ئويلىغىنىمدا، كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىدىغان، شېرىن بىر تۇيغۇ قەلبىمنى چۇلغايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھۇ نەس باسقۇر! ئەتە يەنە ئىشقا بارىدىغىنىمنى دېمىسەم، شۇ تاپتا تاشلاپلا كېتەتتىم. ماڭغىنىملا كۆرسە بولىدىكەن بۇ تايىنى يوق لەنەتگەردىنىڭ. يول ئاۋۇمايۋاتاتتى. بىلەكلىرىم تېلىپ كەتتى. ئاۋۇ «قوغلاشقۇچى» ئەجەب بىر مەغرۇر قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى دېسە.

ئاشۇ چاغلار يەنە يادىمغا كېلىۋالدى. ئېرىم كۈندىن - كۈنگە كۆزۈمگە سىغماسلا بولدى. قويغان - تۇتقىنىمنىڭ تايىنى قالمىدى. يېقىمسىز تۇيغۇ قەلبىمدە ھۆكۈم سۈرەتتى. سوغۇق بىر مېھىر ئېرىمگە ئۆز سايىسىنى تاشلاۋاتاتتى.

«ئاجرىشىپ كەتسەم بولاتتى.»

تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ خىيالىمدىن ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. ئەمما، ئېرىمنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بۇ خىيالىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەكچىمۇ بولاتتىم.

ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتىم. ئاجرىشىشمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشىم، تەكرار تەلەپ قىلىشلىرىم ئاخىر ئېرىمنى ئاجرىشىشقا مەجبۇر قىلدى، يەنە كېلىپ ئادۋوكات ۋە نەۋرە ئاكامنىڭ ياردىمىدە ئۆينىمۇ ئېلىۋالدىم. شۇ چاغدا خۇددى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان سەركەردىدەك، ئۆزۈمنى

ئاجايىپ مەغرۇر، باتۇر ھېسابلىغانىدىم. ئانامنىڭ: «بالام، ‹ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم ياخشى› دەيتتىكەن. ئاجراشماڭ» دېگەن گەپلىرىمۇ قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغانىدى.

«ۋايجان!» خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ قولۇمدا موتوسىكلىت بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. يولدا گەپلىشىۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ بىرسىگە سوقۇلۇپمۇ كەتتىم.

ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپ بولۇپ، يەنە يولۇمغا راۋان بولدۇم.

ئاخىر «ئاق ئاتلىق شاھزادە» مېنى ئەركىن، بىمالال كۈتىدىغان شادىمان كۈنلىرىم يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈندە دېگۈدەك تېلېفون ئۇراتتى، بەزىدە مەنمۇ ئۇراتتىم. شۇنداق قىلىپ، دۇنيادىكى ئەركىن قۇشقا ئايلانغانىدىم. يېقىمسىز بويۇنتۇرۇقلاردىن خالىي بولۇپ، ئۆزۈمنى خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيۈمگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇنداق ھاياجانلاندىم. گۈزەل بىر كەلگۈسى بۈگۈن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆينى شۇنداق پاكىز تازىلىدىم، ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى ئەتتىم، ئەڭ ئېسىل پىرەنىك، كەمپۇتلەرنى ئۈستەلگە تىزدىم. يەنە ئۆيگە خۇش پۇراق ئەتىرنى چېچىۋەتتىم، ئۆي ئىچى مېنى ئاجايىپ رومانتىك بىر تۈيغۇ دۇنياسىغا باشلاپ كىردى.

توك...... توك...... توك......

ئىشىك ئاخىر چېكىلدى.

تاقەتسىزلەنگەن تەشنا يۈرەكلەر ئۈچۈن ئاشۇنداق ئىشىك چېكىلگەن مىنۇتلار نەقەدەر بەختلىك دەملەر ـ ھە!

قانچىلىغان قىزلار يىگىتىنىڭ ئاشۇنداق ئىشىك

چېكىشنى ئارزۇ قىلىدىغاندۇ؟

ئىشىكنى ئاچتىم، ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتىم.

ئۇ قاچانلا قارىسا چىرايىدىن كەتمەيدىغان خۇش تەبەسسۇم بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قەلب ئۆيۈمگە يورۇقلۇق، ئىللىقلىق ئېلىپ كەلگۈچى قۇياش ئىدى.

بىردەملىك تارتىنىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش، تاماق يېيىشلەردىن كېيىن پاراڭ باشلاندى. بۇ پاراڭلارنىڭ داۋامىنى ئاخىرقى مەنزىلگە ئۇلاشنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغات ــ توي تەكلىپى قوبۇلىنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدىم.

كۈتكەن مىنۇتلار ئاستا ــ ئاستا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاجايىپ پاساھەتلەر بىلەن ئىپادىلىدى. يۈرىكىم توختىماي تېپىرلاۋاتاتتى، قانلىرىم ئوقچۇپ، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا ئاستا يېقىنلىشىپ، قولۇمنى تۇتتى.

ئاھ، نەقەدەر شېرىن مىنۇتلار!

تىنچلانغىن يۈرىكىم، تىنچلان......

يۈرىكىم ماڭا بويسۇنمايۋاتاتتى. تاقەتسىزلىك بىلەن ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى، ئەڭ قىسقا، پەقەت ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن «بىز توي قىلايلى» دېگەن جۈملىنى كۈتۈۋاتاتتىم.

ئەمما، كىم بىلسۇن، ئۇ تۇيۇقسىز مېنى قۇچاقلاپ ئاستىغا بېسىۋالدى. ئۇ ھە دەپ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

مەن كۈتمىگەن بۇ قاباھەتتىن قاتتىق چۆچۈپ، بار كۈچۈم بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتىم. ئۇنىڭ كىيىملىرىمنى

سالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان قولللىرىنى زەرب بىلەن ئىتتەرمەكتە ئىدىم. ئۇ گويا قىرى كالىدەك ھاسىراپ پۇشۇلدايتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاجايىپ تارتىمىلىق، كېلىشكەن تۇرقى، ئېسىل مىجەزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

بۇ كۈچ ماڭا زادى نەدىن كەلدى، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، ئۇنى جان - جەھلىم بىلەن بىرلا ئىتتىرىۋىدىم، يەرگە پالاققىدە چۈشتى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىلىنغان كۆرپە يۇرلىشىپ، ئۈستەلدىكى نازۇنېمەتلەرمۇ چېچىلغانىدى. ئۆي ئىچى بەئەينى ئەخلەت تۆكۈش مەيدانىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھۇ نومۇسسىز! مېنى مۇشۇنداق ھاقارەتلەمسىز؟ مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز؟ — دېدىمەن زەردە بىلەن.

— سىزمۇ شۇنى خالىغان بولغىيتتىڭىز ھەقىچان. تولا ياسالمىلىق قىلماڭە. قىچىقىڭىز بولمىسا تۇل خوتۇن تۇرۇپ مەندەك بويتاق يىگىتنى ئۆيىڭىزگە باشلارمىدىڭىز؟

— مەن سىزنى ھەقىقەتەن خاتا تونۇپ قاپتىمەن. مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. شۇنداق دېگەنىدىڭىزغۇ؟ مېنىڭ غۇبارسىز قەلبىمنى ئاشۇ خىل ئىستەكلەرگە تولدۇرغانىدىڭىزغۇ؟ — دېدىمەن يىغلاپ تۇرۇپ. شۇ تاپتا پۈتۈن بەدىنىم غال - غال تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز قانداق بىر مەكتەپتە ئوقۇغان بولغىيتتىڭىز؟ بىر ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ قانداقمۇ توي قىلغان خوتۇنغا كۆڭلى چۈشۈپ قالسۇن؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئىشتىن سىرت ئىشلىگەنىدىم. شۇ تاللا بازىرىدا بىر چىرايلىق ئايال بار ئىدى، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن. بەزىدە ئۇ ئايالنىڭ ئۇن - گۇرۇچلىرىنى ئۆيىگە ئاچىقىپ بېرەتتىم. بارا - بارا ئۆيىدە چاي ئىچىپ قايتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئايال...... ئۇ ئايال ماڭا تېتىپ قالغان ئىدىچۇ...... — ئۇ شۇنداق سەت

ھېچايېدىكى، مەن بۇ كەمگىچە بۇنداق بەتبەشىرە تەلەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— ئۆيىدىن چىق، ھۇنومۇسسىز، مىاز...... — بۇ گەپلەرنىڭ ئىغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن.

ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇنداق سەت ھىجىيىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئولتۇرغان ئورنۇمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. جىمى شېرىن خىياللىرىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم كۆپۈككە ئايلاندى.

توي قىلىۋالسام بولاتتى......

«قېرىغانىدىكى غېرىبلىق يامان» دەيدىكەن كونىلار. كىملا بولسا، بىرسى بىلەن توي قىلىۋالسام بولاتتى. مانا ئاجراشقىلىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ. نۇرغۇن لايىقلار چىققان بولسىمۇ، بىرسىمۇ نورمال ئەمەس. بىرسى 50تىن ئاشقان قېرى، يەنە بىرسى تەلەتى سەت قىمارۋاز، يەنە بىرسى بىر ۋىنتىسى كەم دەلدۈش..... ئىشقىلىپ، خەق ئوبدان ئېرىنى تالاغا قويۇپ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ياخشىراقلىرى مېنى بەك يامان كۆرەرمىش. دوستلىرىم ئەلچى بولۇپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار لاتا توقماقلار بىلەن رەت قىپتۇدەك.

ئىغىرلاشقان قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ھالسىز كېتىۋاتىمەن. ئۆيۈمگە بېرىشقا تېخى ۋاقىت بار......

بىردىنلا يۈزلىرىمگە ئىزغىرىن شاماللار ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. غازاڭلار پىلدىرلىشىپ ئۇچۇشقىنىچە يەرگە چۈشمەكتە؛ ئىرىمنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئاققۇزغان ياشلىرى يۈرەك قەپىسىمگە تامچىلىماقتا؛ قەلبىمنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر غېرىبلىق چىرمىماقتا ئىدى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سېرىق توپا

بۈگۈن ئۈنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان بولدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئىبرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن بۇيان كۆڭۈلسىز ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى.

ئۈنىڭ قارا، يوغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۈززۈن كىرپىكلىرى شالاڭلاشقان، يۇمىلاق، ئاق سېرىق چىرايىغا ئاندا ـ ساندا قورۇق چۈشكەن بولۇپ، كىشىگە باش كۈز پەسلىدىكى گۈل ياپرىقىنى ئەسلىتەتتى. بۈگۈن ئۇ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىلىرىغا چاي بەرگەندىن كېيىن مەكتەپكە كەلدى. مەۋسۇم ئاخىرىدىكى كوللېكتىپ ئۆگىنىش كۇرسى باشلانغان بولۇپ، ئۈچ كۈندىن بېرى داۋاملىشىۋاتاتتى.

ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا بىنا ئىشىكى ئالدىدا غۇژمەكلىشىۋېلىپ پاراڭغا چۈشكەن ئوقۇتقۇچىلارنى كۆردى. ئۇ «ئۈلارنىڭ غېمى يوق، مېنىڭمۇ بىرچاغلاردا ئاشۇنداق غەمسىز چاغلىرىم بولغان......» دېگەننى كۆڭلىدىن يالتتىدە ئۆتكۈزدى ۋە ئۇھ تارتىپ قويىدى.

ــ سانىيە، كېلىڭە، ــ بىر ئايال ئوقۇتقۇچى خىيال سۈرۈپ بىنا ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان سانىيەنى چاقىردى. بىراق، سانىيە رەھمەت ئېيتىپ قويۇپلا يىغىن زالىغا كىرىپ كەتتى.

مۇشۇ كەملەردە ئۇ ئادەملەردىن قاچىدىغان بولۇپ

قالغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاجرىششى ئىشىنى تولا سوراپ ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەچكە، ئۇ مۇشۇنداق ئۇركۈگەك بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ زالغا كىردى. زال ئىچىدە ئولتۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا گورۇپپىنىڭ 2- رەت 1- ئورۇندۇقنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىراق، 2- ئورۇندۇقتا بىر ئەر ئوقۇتقۇچى — بىر زامانلاردا ئۇنىڭ «ئەتىۋارى»نى قىلغان ئوقۇتقۇچى ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ئەر ئوقۇتقۇچى ئۇنى چاقىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز پىغاندا ئۆرتەندى. ئاشۇ بىغۇبار، ئەركە چاغلىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ نەقەدەر بەختلىك ئىدى-ھە؟ تايچاقلاردەك خالىغىنىچە سەكرەيتتى، تاقلايتتى، كىچىك ۋېلسىپىتنى مىنىپ، قايسى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كەلسە باراتتى، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئويناپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى......

ئۇ ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. ئاجرىشىپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇ دائىم مۇشۇنداق ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — ھېلىقى ئەر ئوقۇتقۇچى ئۇنى خىيالىدىن سەگىتتى.

— ھە، ياخشى.

— سىز بىلەنمۇ پاراڭلاشقىلى بولىدىكەن - ھە!

سانىيە بۇنىڭدىن بۇرۇن قارىشىپمۇ قويمايدىغان بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئاللىرىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ۋىللىدە ئېرىدى.

— ھە، بارغۇ مەكتەپتە.

— سىزنى يۆتكىلىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىغىلى خېلى بولدى، بىراق پاراڭلىشىشقا پۇرسەت بولمىغانىدى. بۇگۈن پاراڭلىشىش نېسىپ بوپتۇ مانا.

— ھە، شۇنداقمۇ.

سانىيە ئەمدى بىرئاز ئېچىلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كالللىسىدىن «دەردى يوق كىسەك، ئىشقى يوق ئېشەك» ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «دەرد كەلمىسە مۇسۇلمان بولماپتۇ» دېگەن گەپ كەچتى. توغرا، ئىلگىرى ئۇ بۇنداق گەپلەرگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمايتتى، ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا يۈرىكى يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەرد ـ ئەلەم ئادەمنى نېمە قىلمايدۇ دەيسىز؟ بىرسى كىچىككىنە چىرايلىق گەپ قىلىپ قويسىمۇ چوڭ بىلىدىغان، خۇددى قەھرىتان سوغۇقتا چويۇن مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەكلا بىر ئىش.

— ئېسىڭىزدىمۇ سانىيە، ئاشۇ چاغلار...... — گەپ باشلاپ قالدى ھېلىقى ئەر ئوقۇتقۇچى. ئۇنىڭ ئىسمى ئالىم ئىدى.

— ھەئە...... بولدىلا، ئۇ گەپنى قىلمايلى ئەمدى.

— نېمىشقا قىلمايمىز؟ سىز ئۇنتۇپ كەتكەن بىلەن مەن ئۇنتۇمىدىم سىزنىڭ شۇ چاغدىكى تاش يۈرەكلىكىڭىزنى.

سانىيە بىردىنلا كۈلۈپ تاشلىدى. خۇددى شۇ چاغلارغا قايتقاندەك بولۇپ، مەغرۇر بىر سېزىم پۈتۈن بەدىنىگە تارىدى.

— سىز تاش يۈرەكلىك قىلىپ مېنى ئىزدىمىگەنىدىڭىز، ئەگەر شۇ چاغدا ئىزدىگەن بولسىڭىز، ھازىر قانچە بەختلىك ياشار ئىدۇق ـ ھە؟— دېدى ئالىم غەمكىن ھالدا.

— مەن قىز بالا تۇرۇپ، مەن ئىزدەيمەنما؟ نېمىشقا سىز ئىزدىمىگەن؟— سانىيە ئەركىلىگەندەك باتناپ تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى.

— مەن ئۇ چاغدا بەكلا ياۋاش ئىدىم. بىراق، مەن خىجىلچانلىقىمدىن سىزگە كىيىن خەت يازىمەن دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، لېكىن مەكتىپىڭىزنىڭ ئادرېسىنى سورىۋالماپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىز خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ ـ بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن ئىزدىيەلمىدىم. ئەمما، سىزنى ھەربىر كۆرسەم كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئىللىيدۇ. كونىلارنىڭ «ئوت قالغان يەرنىڭ سىرىق توپىسى قالىدۇ» دېگەن گېپى توغرا ئوخشايدۇ......

ئالىم ئېغىر كىچىك تىنىپ قويۇپ سانىيەگە قارىدى. سانىيەمۇ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئۇ چاغلاردا خىيالىغا كەلمىگەن ئىشلار ئەمدى مۇھىم بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

— مەن سىزنىڭ ئاشۇ بىغۇبار، ساددا مىجەزىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم.

— مېنىڭ ئۇنداق ساددىلىقىم توغرىسىدىكى كىچىك ھېكايىلەر جىق، — سانىيە ئەمدى بىراقلا ئېچىلىپ، «شۇ چاغلاردا بىر قېتىم مۇنداق بولغان، بىر قېتىم ئۇنداق بولغان» دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئالىم كۈلۈپ ئولتۇرۇپ، زوقلانغاندەك تەلەپپۇزدا سانىيەگە مەدەت بېرەتتى، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ئىلگىرى سانىيە ئالىمنىڭ قايتا ئىزدىمەسلىكىنى ئۆزىنىڭ ئانچە چىرايلىق بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما بۈگۈنكى بولۇنغان گەپلەرگە قاراپ، ئۇ ھەتتا پۈتۈن ئەيىبنى ئۆزىگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى ساددا، تارتىنچاق مىجەزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدىغانلارنىڭ بۇ دۇنيادا تېخى تۈگەپ قالمىغانلىقىنى ھېس

قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ، ئاشۇ جىنىنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئۇ كۆيۈپ- پىشىپ يىغقان پۇللىرىغا ئالغان ئۆينى ئىككى پارچىلىدى. ئۇنىڭغا ئۆيدىكى ئەبجەق ئۆي جاھازلىرى بىلەن قەرزنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. ۋاپاسىز ئېرى بولسا يوشۇرۇن يىغقان پۇللىرىغا ماشىنا ئېلىپ، ھېلىقى جىنىنى چىقىرىپ تاماشا قىلاتتى. يۈرەكنى ئۆرتەندۇرىدىغىنى، ئۇ ئاشۇ ۋاپاسىزغا بىغۇبار، سادداياشلىقىنى، بارلىقىنى بېغىشلاپ، كۆرگىنى مۇشۇ بولدى.

سانىيەنىڭ پۇل خەجلەپ بىرەر قېتىم تاكسىغا ئولتۇرۇشقىمۇ كۆزى قىيماي، قار - يامغۇر، بورانلاردىمۇ ئەبجەق ۋېلىسىپىتنى مىنەتتى.

ئۇنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئالىم ئۇنىڭغا دەرھال قول ياغلىقىنى ئۇزاتتى ۋە ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز ماڭا تېلېفون بېرىڭ،— دېدى ۋە سانىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سوراپ، ئۇنىڭ تېلېفونىنى بىر سايرىتىپ قويدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كىرىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. مۇتەللىپ ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھە ئالىم، ما ئىككىڭلار سۆگەت تۈۋىدە پاراڭلاشساڭلار بولمامدۇ. قارىسام، شۇنچە ئۇزۇن مۇڭدىشىپ كەتتىڭلار،— دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

سانىيە بۇ گەپتىن بىرئاز ئەندىكتى - يۇ، بىراق يەنە كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

يېرىم كېچىدە تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى سانىيەنى

ۋە ئۇخلاۋاتقان باللىرىنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ دەرھال تېلېفوننى تىترەش ھالىتىگە ئەكېلىپ قويۇپ، باللىرىنى پەپىلەپ ئۇخلاتتى ۋە تېلېفونغا قارىدى. تېلېفون ئالىم مۇئەللىمدىن كەلگەنىدى. سانىيە بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. «نېمە بولغاندۇ؟» ئۇ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون يەنە تىترەپ كەتتى. ئۇ دەرھال تېلېفوننى ئالدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ۋەي، نېمە بولدى يېرىم كېچىدە ئادەمنى قورقۇتۇپ؟ — دېۋەتتى.

— ھە، سانىيەما؟....... مەن...... ئالىم. مەن ئىشىكىڭىز تۈۋىدە، ئىشىكنى ئېچىڭە جېنىم......

ئالىم مەستتەك قىلاتتى.

— نېمانداق قىلىسىز؟ ئۆيىڭىزگە كېتىڭ، كەتمىسىڭىز خاپا بولۇپ قالىمەن.

— ئېچىڭە جېنىم، بىردەم مۇڭدىشايلى...... مەن سىزنىڭ ئاشۇ مېجەزىڭىزنى بەك ياقتۇرىمەن.

ئۇ باشتا نەسىھەت قىلدى، بارا - بارا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى، سانىيە يىغلاپ تاشلىدى. سانىيەنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان ئالىم بىردىنلا سەگەكلىشىپ قالغاندەك جىمىپ قالدى.

— يىغلىماڭ جېنىم. سىز يىغلىسىڭىز ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدىكەن، كەتسەممۇ كېتەي.

ئالىم تاراقشىپ بىردەمدىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى.

ئەتىسى يوچۇن كۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىشى، مىيىقىدا مەنىلىك كۈلۈشلىرى ئۇنىڭغا يات تۇيۇلدى. پىچىرلاشلار، ئۇنى كۆرسە توختاپ قېلىشلار، سەۋەبسىزلا ئالىمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ مۇناسىۋەتسىز پاراڭلارنى قىلىشلاردىن ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، ئالىمنىڭ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگىنى

www.uyghurkitap.com

پۇر كەتكەنىدى. بەلكىم خىزمەتداش قوشنىسى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولدى. ئۇ ئىلگىرى تالاي قېتىم تۇل ئاياللار ھەققىدە خىيال سۈرگەن: «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇ «پالانى مەست بولۇپ قېلىپ، پالانى ئايالنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەپتىكەن.......» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسا، ئۇ «كېلىنىڭ دېگەن گەپ، بولمىسا كېلەمتى» دەپ يەنە ئاشۇ ماقالنى ئويلاپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ بۈگۈن ھەممىنى چۈشەندى، «كەل» دېمىسىمۇ كېلىدىكەن. راستتىنلا شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدىكەن. تۇنۇگۈنكى «شامال» ئۇنى سەگىتتى. ئۇ بىردىنلا سىلكىندى. ئاشۇ بىغۇبار ئەسلىملىرى ئېلىپ كەلگەن كىچىككىنە خۇشاللىقىمۇ توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. ئاشۇ «سېرىق توپا» ، «ئاشىق»لارنىڭ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇ خۇددى جىمى پىغانلىرىنى، ساددىلىقلىرىنى يىغا بىلەن ئىچىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، بار ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

# يۇلغۇن چىچىكى

توپ - توپ بولۇپ ئۇتلاپ يۈرگەن قوي، كالا پادىلىرى ۋە ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇپ - قونۇپ يۈرگەن قۇشلار بىلەن بېزەلگەن بۇ يېشىل يايلاقنى بىر شاۋقۇنلۇق دەريا چەكسىز قۇم بارخانلىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. مەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بۇنداق گۈزەل مەھەللىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

مەيىن شامالنىڭ يۈزلىرىمنى، ياق، قەلبىمنى يېنىك سىيپاپ ئۆتۈشىدىن چەكسىز ھوزۇرلانغان ۋاقتىمدا، بۇ دۇر- گۆھەردەك نۇر چېچىلىپ تۇرىدىغان خىلۋەت ماكانغا ھەسرەتلىك ياشلىرىمنىڭ تۆكۈلۈشىنى كىم بىلسۇن؟

ھەممە ئىش ئاشۇ تېلېفوندىن باشلانغان.

سېستىرالىق مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ يېڭىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈك ئارامدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر بىمار كېلىپ قالدى. نۆۋەتچى دوختۇرنىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن كېلىمەن دەپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدى. بىمارنىڭ ئەھۋالى تازا دېگەندەك ياخشى ئەمەس بولۇپ، مەندەك يېڭىياچە سېستىراغا نىسبەتەن بۇ ھالقىش قىيىن بولغان مۈشكۈل داۋان ئىدى.

ئۇ چاغلاردا يان تېلېفون تۈگۈل، ئۆي تېلېفونىمۇ تازا ئومۇملىشىپ كەتمىگەن بولغاچقا، دوختۇرلار بىلەن

ئالاقىلىششىش تولىمۇ تەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوختۇرخانىنىڭ تېلېفونى يېرىمى ئۇچۇق كىچىك ساندۇققا سېلىنىپ قۇلۇپلانغان بولۇپ، تېلېفون قوبۇل قىلغىلى بولاتتى، ئۇرغىلى بولمايتتى.

جىددىيلەشكەنلىكىمدىن تەرلەپ كەتتىم. مەن دەرھال دوختۇرخانىغا يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان ماگىزىنغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ يەردە تېلېفون ئۇرغىلى بولاتتى. ماگىزىنغا كىرىپلا تېلېفوننىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئۆكسۈلۈم ئۆچۈپ كەتتى. ھېچنېمىگە قارىماستىن ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىكى تېلېفوننى تارتىپ ئېلىپلا ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە تېلېفون ئۇردۇم. بۇنداق چاغدا ئەدەپ ـ قائىدىنى ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئەڭ چوڭ ئەدەپ ئىدى.

مەن ئاشۇنداق جىددىيچىلىك ئىچىدە قارشى تەرەپكە ئەھۋالنى ئۇقتۇردۇم، بىراق قارشى تەرەپتىن «نېمە دېدىڭىز؟» دېگەندەك بوغۇق ئاۋازلار ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ ئاڭلىنىۋاتاتتى. بىرھازا ھەپىلەشكەن بولسامۇ قارشى تەرەپ گېپىمنى زادىلا ئۇقالمىدى، مەنمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمايۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىرسى: «تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تەتۈر تۇتۇۋاپسىز» دېدى ـ دە، قولۇمدىكى تۇرۇپكىنى ئوڭلاپ قويدى. مەن راستتىنلا تۇرۇپكىنىڭ قۇلاققا تەگلەيدىغان يېرىنى ئاغزىمغا تەگلەپ تۇتۇۋالغانىكەنمەن. كېيىمدىن ئۇنىڭ بايا مەن تېلېفوننى تارتىۋالغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىراق، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغۇدەك، ئۆزرىخاھلىق، رەھمەت ئېيتقۇدەك ۋاقتىم يوق ئىدى.

مەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ «ھازىرلا ماشىنا ئەۋەتەيلى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، يېنىك تىنىپ، يەنە دوختۇرخانىغا چاپتىم. ماشىنا توپتوغرا يىگىرمە مىنۇتتا يېتىپ كەلدى. بۇ يىگىرمە مىنۇت ماڭا يىگىرمە يىلدەك تۇيۇلۇپ

كەتكەنىدى. بىمارنى قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭلۈم سەل ئارامغا چۈشتى. شۇ چاغدىلا ئاندىن بايىقى تېلېفوننى تارتىۋالغانلىقىم، يەنە كېلىپ تۇرۇپكىنى تەتۈر تۇتۇۋالغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. بۇ ئىشلارنى ئويلاپ نومۇس كۈچىدىن ئارامسىزلىنىۋاتاتتىم: «بايىقى زادى كىمدۇ؟ مۇشۇ يەرلىكمىدۇ؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟» مەن ئاشۇنداق ئارامسىز خىياللار ئىلكىدە تۇرۇۋاتقىنىمدا، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاپقارا قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، كېلىشكەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. «ئۇنىڭ كىيىمى؟!» گويا بېشىمغا بىرسى سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم: «ئەجەبا ھېلىقى كىشى شۇمىدۇ؟»

ئۇ كۈلۈمسىرىگەن پېتى ھېچ تەكەللۇپسىزلا قارشى تەرىپىمدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. مەن خىجىلچىلىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— قان بېسىمىمنى ئۆلچىتىپ باقايمىكىن دېگەن.

مەن ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەپ قويدۇم. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

«چوقۇم شۇ، ھېلىمۇ ياخشى يۈزۈمگە سالمىدى.»

چۈشتىن كېيىن ھېلىقى بىمارنىڭ قىزى ئالايتەن كېلىپ، ماڭا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مەن خۇددى ھېلىقى كېسەلنى ئۆزۈم داۋالاپ ساقايتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ كەتتىم.

× × ×

تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن تاسادىپىيلىقلار كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بەزىدە ئۆزۈڭ ئەتراپلىق ئويلىشىپ، چىمەنلىك يول

دەپ تاللىغان يولۇڭ ئازغانلىق بولۇپ سېنى مەڭگۈلۈك داغدا قويىدۇ.

بۈگۈن دوختۇرخانا باشلىقى چۈشتىن كېيىن يىغىنلىق ھۆكۈمەتتە ئېچىلىدىغان ئىنتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن ئۆز ۋاقتىدا يىغىنلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، يىغىن زالىغا كىرىپ، كەينىدىرەك ئولتۇردۇم.

يىغىن باشلاندى. رىياسەتچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يىغىنلىق ئىنتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۆز باشلىدى. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. «ھېلىقى كۈندىكى يىگىت ئەمەسمۇ؟ ما سەتچىلىكنى! يەنە ئۇچرىشىپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان؟» ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەختەم ئىكەنلىكىنى شۇ يەردە ئۇقتۇم.

كۆڭلۈم پاراكەندە بولدى. يىغىنمۇ ئاخىر تۈگىدى. مەن تېزلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ۋېلىسىپىتىمنى ئۇچقاندەك مىنىپ يىغىنلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتىم. يېرىم يولغا كەلگەندە موتوسىكىلىتنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، مەن يولنىڭ چېتىگىرەك سۈرۈلۈپ ماڭدىم. بىراق، موتوسىكلىت مىنگەن كىشى مەن بىلەن يانمۇيان مېڭىۋاتاتتى. مەن لاپپىدە ئۇ كىشىگە قارىدىم: «يەنە شۇ.»

— ئالدىراپ ماڭدىڭىزغۇ؟

— ھە، دوختۇرخانىغا. خىزمەت ئالدىراش، — تېلېفون ئىشى يادىمغا كېلىۋالغاچقا بەكلا كېكەچلەپ كەتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ سائەتمۇ توشاي دېدى.

مەن ئىچىمدە: «گەپىنى ئوچۇق قىلالمىغاندىكىن، قىلمايلا قوياي» دەپ ئويلاپ گەپ قىلمىدىم. ئۇ «خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم» دېدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.

ئېيتقۇسىز ئوڭايسىزلىق ئىچىدىن قۇتۇلدۇم.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىر خىزمەتدىشىمنىڭ توي

ۋىچىركىسىغا باردىم. ۋىچىركا كەنت كومىتېتىنىڭ يوغان يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، زال ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. مەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. بىز نازۇبىمەتلەرگە باققاچ مۈزىكا ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. ۋىچىركا ئۆز كۆڭۈلتەرتىپى بويىچە ئىنتايىن ياخشى داۋاملاشتى.

تانسا - ئۇسسۇللار باشلىنىپ كەتتى. خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان بۇنداق سورۇنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىشىم ئىدى. تۇيۇقسىز بىرى مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى: «يەنە شۇ!»

«تېلېفون ۋەقەسى»نى ئەسلەپ، پۈتۈن بەدىنىم تورمۇزلىنىپ، يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىدىم. ئۇ ئادەتتىكى پاراڭلار بىلەن مېنىڭ ئوڭايسىز ھالىتىمنى يوقاتماقچى ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، تېلېفوننىڭ ئىشىنى يۈزۈمگە سالمىدى......

كۆڭۈللەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مېنى ئىزدەش قېتىم سانىمۇ كۆپىيىشكە، مېنىڭمۇ قورۇنۇشلىرىم بارا-بارا يوقىلىشقا، ۋۇجۇدۇمنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئىللىقلىق، ھاياجان ھېسلىرى چىرماشقا باشلىدى. ئۇنى «ئۇچراپ قالسىكەن» دېگەن خىيالدا ماگىدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چوڭ يول بويىدا ساقلاپ تۇرىدىغان، ماگا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تۇرىدىغان بولدى.

قىزىقشاندەك، مەن نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدىغان كۈنى دوستۇم ئەلانۇر تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى دەپ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان نۆۋەتچىلىكنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا پېتىنالمىدىم. ئانامنىڭ «ھەرقانداق ئىشتىن خىزمىتىڭىز مۇھىم، ئوبدان ئىشلەڭ، بالام» دېگەن گېپىنى

ئېسىمدىن چىقارماي ئىشلەۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى.

شۇنداق قىلىپ، تۇغۇلغان كۈن ئۆلتۈرۈشىغا بارماي، دوختۇرخانىدىكى نۆۋەتچىلىكىمنى قىلدىم. ئالاھازەل بىر سائەتلەردىن كېيىن كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن دەرھال كارىدورغا چىقتىم.

«يەنە شۇغۇ؟ بۇ كەچتە نېمدەپ كەلگەندۇ؟»

— كەچتە كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— نۇربىيە، ئەلانۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بارماپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئېپادىسىز بىر ئاھاڭدا.

— بۈگۈن نۆۋەتچى بولغاچقا بارالمىدىم.

— ئالماشتۇرسىڭىز بولاتتىغۇ؟ يېقىن دوستىڭىز تۇرسا......

— بىلىمەن. كېيىنچە كۆڭلىنى ئېلىۋالارمەن. مېنىڭ خىزمىتىم مۇشۇنداق ئالدىراش خىزمەتكەن، قانداق قىلىمەن......

— راستىنلا خىزمەتداشلىرىڭىز ئېيتقاندەك «قىزىل پاچاق» كەنسىز. بۇ تەرىپىڭىزدىن ئۆگەنسەم بولغۇدەك.

— نېمە؟ كىم شۇنداق دەيدىكەن؟ — ئازراق ئاچچىقىم كەلدى.

— مۇنداقلا چاقچاق قىلىپ دەيدىكەن. شۇ بەك ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ دېگىنى بولمامدۇ.

ئۇن - تىنسىز جىمجىتلىق ئۇن مىنۇتلار ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈردى. مەن ئوچۇق مىجەزلىك بولغاچقا، بۇنداق بوغۇقتۇرمىچىلىق سەل كەيپىمنى ئۇچۇردى.

— بىرەر ئىشقا كەلگەنمىدىڭىز؟ — مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— نۇربىيە، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىز ئارىلىشىپ ئۆتەيلى.

تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئىللىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى.

مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، دەرھال ئۈستەلنى سۈرتۈشكە باشلىدىم.

— جاۋاب بېرىڭ، مەن ھەقىقەتەن سىزگە ئاشىق. سىزنى تۇنجى قېتىم ماگىزىندا ئۇچراتقان چېغىمدىلا سىزنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن تېخى كىچىك، ئەمدى 19 ياشقا كىردىم. مەن ئۆزەمگە «خىزمەتكە چىقىپ ئۈچ يىلغىچە ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدىم.

— ئەمىسە مەن ساقلايمەن. ئۈچ يىل دېسىڭىزمۇ ساقلايمەن.

نېمىدېگەن تەسىرلىك سۆزلەر - ھە؟ تېخىدىنمۇ شېرىن بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارىماقتا ئىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمىسە مەن كەتتىم، ئەتە كۆرۈشەمىز، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۇ ماڭا ئىنتايىن ئېسىل، ئېغىر - بېسىق كۆرۈندى. شۇ كۈنى ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭقۇر ھاياجان ھېسلىرى ئەس - ھوشۇمنى جايىدا قويمىدى. نېمە خىيال قىلىۋاتقىنىمنى، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمنى، يەردە ماڭدىممۇ ياكى بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ماڭدىممۇ ھېچ بىلەلمىدىم. «ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟» بۇ سوئاللار كاللامدا ئەكس ئېتىشى بىلەن تەڭ چۆچۈپ كەتتىم.

شۇ كۈنلەرنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدۈم. ھە دېسە ئوكۇل

سۈيۈقلۇقنىڭ ئاراچلىرىدىن ئەختەمنىڭ چىرايى كۆرۈنۈپ كېتىدىغان، تېززەك ۋاقىت توشسا، ئۇنى ئۇچراتسام دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. يىراقتىن قارىسى كۆرۈنگەن هامان يۈرۈم ئوت بولۇپ يېنىپ، هودۇقۇپ كېتەتتىم.

قىزىقشاندەك، ئۇ هازىر مېنى بۇرۇنقىدەك تولا ئىزدىمەيدىغان، ئۇچرىشىپ قالساقمۇ كۆلۈمسىرەپ قويۇپلا كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ليۆمنى قاتتىق چىشلەپ ئازابلىنىپ كېتەتتىم.

شۇ تەرزدە سەككىز ئاي ئۆتتى. تۇنجى قېتىم ئۇرۇلغان مۇهەببەت زەخمىكى يۈرىكىمنى زەرداب قىلماقتا ئىدى. «بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتاي؟» هېچكىمگە تىنمىدىم. خىزمەتكە نىسبەتەن ئىلگىرىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇم قىلچە سۇسلاشمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بىراق ئازراق تەسىرى بولدى. رېزىنكە بوغقۇچلارنى ياتاقلاردا ئۇنتۇپ قېلىپ، تولا يول ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە بىراۋ ئۇنلۇكرەك گەپ قىلسىمۇ يىغلاپ سالىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدىم.

بىر كۈنى مەن بىر بىمارنىڭ ئاسمىسى چۈشۈپ بولغۇچە ئۇنىڭغا قاراپ خېلى كەچ بولۇپ كەتتى. نۆۋەتچى سېستىرامۇ باشقا كېسەللەر بىلەن بەكلا ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

شۇ كېچىدە ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. دوختۇرخانا بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كېلومېتىردەك ئارىلىقتا بۆك ـ باراقسان كۆكلەپ كەتكەن يۇلغۇن، توغراق، ماندالار بار بولغاچقا، قاراڭغۇ تۇرماق، كۈندۈزىمۇ ئادەمنى سۈر بېسىپ كېتەتتى. مېنى بىردىنلا قورقۇنچ بېسىۋالدى. ئۆيدە تېلېفون بولغان بولسىدى، تېلېفون ئۇرسام ئاكام ئالدىمغا كېلەتتى.

مەن ۋېلسىپىتىمنى ئاستىلاتتىم ـ دە، كەينىمگە يېنىپ، ئەختەمنىڭ ئۆيى بار كوچىغا قايرىلدىم، چۈنكى مەن بىرقانچە قېتىم مۇشۇ كوچىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئەختەمنىڭ: «ئۆيگە كىرمەيلىمۇ؟» دېگەندەك تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ كوچا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى يولدا ـــ ئۆتەر يولۇمدا ئىدى.

مەن ئۆزۈمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان بىر كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن، كوچىنىڭ بېشىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرسىدىن ئەختەمنىڭ ئۆيىنى سورىدىم. ئۇ كۆرسىتىپ قويدى. بىراق، مەن بىردىنلا تۇرۇپ قالدىم. ھېلىقى كىشى خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، «چاقىرىپ بېرەيمۇيا؟» دېيىشتى، مەن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇ ئادەم ئەختەمنى چاقىرىپ چىققۇچە شۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ كىشى ئەختەمنى چاقىرغۇچە بولغان ئارىلىقتا «مېڭىۋەرسەم بوپتىكەن، بىر گەپ بولار ئىدى. نېمە دەپ قالار ئەمدى؟!» دېگەندەك ئارىسالدى خىياللار ئىلكىدە ئارامسىزلىنىپ كەتتىم. ئاخىر ئىككى گەۋدە كۆرۈندى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

ـــ ھە، سىزمىدىڭىز، نېمە ئىش بولدى؟ـــ دەپ سورىدى ئەختەم يېنىمغا كېلىپ. مەن بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانىدىم، ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

ـــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، بۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن دېسە! مەن ئىزدەپ بېرىپ گەپ قىلسام ئۇنىمايسىز، ئەمدى ئۆزىڭىز ئۆيۈمگە كەپسىز مانا، دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلگىنىچە ۋېلسىپىتىمنى قولۇمدىن ئېلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى ۋە موتوسىكلىتىنى مىنىپ چىقىپ، ئۆيۈمنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى.

ـــ خوش ئەمىسە، ئەتە ئەتىگەن ئالغىلى كېلىمەن.

خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىكى بىر ۋاقىتتا ئۇخلاپ كېتىدىغان چاغلىرىمنى ئەسلىدىم.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ چوڭ يولغا چىقىپ ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. يولنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى دوڭغاق سۆگەتلەر ئارىسىدىكى يۇلغۇنلارنىڭ ئادەمنىڭ كۆزىنى يېگۈدەك چىرايلىق ئېچىلغان چېچەكلىرىگە قاراپ، باللىق چاغلىرىمنى ئەسلىدىم. كىچىك چاغلىرىمىزدا مەھەللىدىكى باللار بىلەن يۇلغۇن ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان قۇملۇق دالادا قوي باققانلىرىمىز، يۇلغۇن چېچىكىدىن گۈلدەستە ياساپ «ناخشىچى»لارغا تەقدىم قىلىپ ئوينىغانلىرىمىز، ئانامنىڭ يۇلغۇن ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىمدە، يۇلغۇن چېچىكىگە قاراپ: «مەن ساڭا ئامراق بولغاندىكىن، سەنمۇ ماڭا ئامراق بول. مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشۈمنى تىلىگىن. ئۆزۈڭدەك خىسلەتلىك، ئىرادىلىك بولۇشۇمنى تىلىگىن» دېگەنلىرىم، ئۇنىڭ يېنىك يەلپۈنۈپ، خۇددى ماڭا ماقۇللۇق جاۋابى بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىشلىرى كۆڭۈل ئېكرانىمدا تونۇگۈنكى ئىشتەكلا ساقلانغانىدى. كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان يۇلغۇن چېچىكىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، ئەمما بۈگۈن باشقىچە ھاياجانلىق ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇنىڭغا تەلمۈردۈم ۋە يەنە بىر قېتىم شىۋىرلىدىم: «سىردىشىم يۇلغۇن چېچىكى، ماڭا بەخت تىلە، كۆڭلۈمگە ئۆزۈڭدەك پاكلىق، ساداقەت، ئىنساب تىلە.»

موتوسىكلىتنىڭ يېنىمدىلا توختاپ سىگنال بېرىشى بىلەن چۆچۈپ كەينىمگە قاراپ ئەختەمنى كۆردۈم.

مۇشۇ كەملەردە كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان بولۇپ

قالدىم. خاتىرە يازسام كۆڭلۈم بىرئاز ئەمىن تاپاتتى. بۈگۈنمۇ چۈشلۈك ئارامدا خاتىرە يېزىۋاتسام، تۇيۇقسىز بىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەينىمگە قاراپ، ئۇنىڭ ئەختەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— خاتىرە يېزىۋاتامسىز؟ قاچاندىن بېرى يېزىۋاتىسىز؟

«سىزنىڭ كۆيۈك دەردىڭىزگە مۇپتىلا بولغاندىن بېرى» دەپ جاۋاب بەردىم ئىچىمدە. لېكىن، قىزلىق غۇرۇرۇمنىڭ تۈرتكىسىدە بۇنى تېشىمغا چىقىرالمىدىم.

— نۇربىيە، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ خاتىرىنى ئىككىمىز بىللە يازساق قانداق؟

مەن خۇددى يامغۇرغا تەشنا بولغان گىياھتەك، تۇيۇقسىز چىقىلغان بۇ چاقماقتا ھەيرانلىق نەزىرىمدە قارىدىم.

— سىزنى ساقلاۋېرىشكە چىدىمىدىم، نۇربىيە. بىز توي قىلايلى.

ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى خۇددى يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىمدىن ئاققان قانلار چەكسىز ئالەمنى قىزىللىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك، ئەتراپ ماڭا قىپقىزىل بولۇپ كۆرۈندى. ۋۇجۇدۇممۇ ئوت بولۇپ ياندى.

مەن دەرھال ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئەپقېچىپ، بۇرۇلدىم-دە، ئۈستەلنى سۈرتۈشكە باشلىدىم.

— جاۋاب بېرىڭ.

— ئويلىنىپ باقاي، — ئاران دېگەندە مۇشۇ گەپنى دېيەلىدىم.

— ئەمىسە ۋاقىت ئۇزىراپ كەتمىسۇن، ماقۇلمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھازىرلا ماقۇل دېگۈم بولسىمۇ، قىزلىق غۇرۇرۇم ئاشۇنداق جاۋابنى بېرىشكە قىستىغانىدى. ئەمدى ئۆزۈمگە بەرگەن «ئۈچ

يىلـدىن كېيىن» دېگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلالمايدىغانـدەك قىلاتـتىم. بەزىـدە ھېسسىيات ئەقىلـدىن غالىب كېلىـدىكەن. ھەرقانداق ئالىيجانـاب ۋەدىلەرمۇ قۇدرەتلىك مۇھەببەت ئوتى ئالدىدا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى يېزىپ كېلىۋاتقان خاتىرەمگە ماقۇللۇق جاۋابىنى يېزىپ، يېقىن دوستۇم ئەلانۇردىن ئەۋەتىپ بەردىم. ئۈچ كۈنـدىن كېيىن ئۇ ماڭا ھېلىقى خاتىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپلا ھاياجىنىمنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتىم.

ئاھ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى! ئۇنىڭ مەن بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى ئوتلۇق ھېسسىياتى گويا دۇر- جاۋاھىراتلاردەك قۇرلار ئارىسىدىن يالىلداپ چاقناپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى خاتىرە بىزنىڭ مۇقەددەس مۇھەببەت داستانىمىز بولۇپ قالدى......

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بىز بىر- بىرىمىزنى بىر كۈن كۆرمىسەك چىدىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. شۇ يوسۇندا بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

7- ئاي مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى ئۇ چوڭ يولدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مەن بىلەن ماڭغاچ بۇ يىل 10- ئايدا توي قىلىش تەلىپىنى قويدى. مەن ئاجايىپ تەخىرسىز مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن ماقۇللۇق بېرىۋەتتىم. ئۇ ئۆيدىكىلىرىنى پات ئارىدا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كەم دىدار بولۇپ قالدى، يوللاردىمۇ ئۇچرىمايتتى، ئىزدەپمۇ كەلمەيتتى. مەن بەكمۇ ئارامسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىر كۆرۈشمىگىلى 15 كۈن بولغانـدا ئۇنى ئىزدەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باردىم. ئۇ

ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىنىڭ «ئۆشرىسى» سۈپىتىدىلا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ماڭا بەكمۇ هار كەلدى. بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. ئارىمىزنى سۈكۈت قاپلىدى.

ئاخىر ئۆزۈم ئېغىز ئاچتىم:

— كۆرۈنمەيسىزغۇ؟

— خىزمەت بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

— ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئالدىراشمۇ؟ — دېدىم ئاخىر خاپا بولغانلىقىمنى ئاشكارىلاپ.

— كەچۈرۈڭ، خاتالىق مەندە، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.

— خاتالىق ئۆتكۈزدىڭىزمۇ ئەمەس، بىراق بەكلا جىمىپ كېتتىڭىز، ماڭا سەل غەلىتە بىلىندى.

— نېمە ئامال دەيسىز.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنەرسە يازغاچ جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئارىنى يەنە بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. ئۇ توختىماي بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىرەي دەپ ئەكەلگەن سېرىق تاشلىق خاتىرىنىمۇ بېرىشتىن يالتىيىپ قالدىم. يەنە يىگىرمە مىنۇتتەك ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاخىر چىدىيالماي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىغاچ:

— خوش ئەمسە، — دېدىم نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

— خوش، — ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىدى.

ئەمدى ئىلگىرىكى شېرىن ئازابنىڭ ئورنىنى ئاچچىق ئازاب ئىگىلىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئازاب، بىراق ئالدىنقىسى كىشىنى مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئەللەيلەتسە، كېيىنكىسى ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلىپ يەيدىكەن.

مەن بىر ھەپتە ساقلىدىم. بۇ بىر ھەپتە ماڭا شۇنچىلىك

ئۇزاق بىلىنىپ كەتتىكى، ھەربىر كىچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدا يەتمەك قىيىن بولغان ئۇزۇن مۇساپە باردەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرقى غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇنى يەنە ئىزدەپ باردىم. ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقاچقان ھالدا:

— كەچۈرۈڭ، بۇندىن كېيىن سىزنى ئاۋارە قىلماي. ھېلىمۇ جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم. ئىدارىغا جىددىي يوللايدىغان ماتېرىيال بار ئىدى. ھازىر يازمىسام بولمايدۇ. خوش ئەمىسە، — دېدى. زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدىم. قۇلىقىمغا تۇمەنمىڭ ھەرە كىرىۋالغاندەك؛ ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇڭ مېڭىپ چىقتىمۇ ياكى تەتۈرمۇ، بىلمىدىم. مەن ئېيتقۇسىز خورلۇق ئىچىدە قالدىم. ئازاب دەستىدىن يۈرەكلىرىم پارە-پارە بولدى.

شۇ تەرزدە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۈستىلىمدە تۇرغان باغاقتا كۆزۈم چۈشتى: «ھۆرمەت بىلەن: ئەختەم، گۈلباھار.»

مەن «دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق غەلىتە بولامدىغاندۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. تۇرمۇشتىن بەكلا ئۈمىدسىزلەندىم. خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمدى بىرنەرسە دېيىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى شاپىشىپ تۇرغان ئاچچىق ئازابنىڭ ئورنىنى ئەمدى سەندەلدەك ئېغىر ئازاب ئىگىلىگەنىدى. پەقەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ئىشىنىمەنكى، ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. ماڭا بەخت تىلەيدىغان ئانام بار، خىسلەتلىك يۇلغۇن چېچىكى بار......

شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى چىرايلىق، مودېللاردەك قاملاشتۇرۇپ كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان كەسىپدىشىم گۈلباھار

مىنىڭ كۆچلۈك رەشك ئوتۇمغا ئوت يېقىپ، غۇبارسىز قەلبىمگە رەھىمسىز چاقچاق قىلغان «سۆيۈملۈك دۈشمىنىم» بىلەن تويى قىلماقچى بولدى.

«ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە، كۆيۈك ئوتىغا ئۆلمەيدۇ» دېگەن خەلق قوشىقىدىكى گەپ ھەقىقەتەن توغرىكەن، ئۆلمەيدىكەنۇ، نېرىسى بولىدىكەن.

تويغا بىر كۈن قالغاندا دوختۇرخانا باشلىقى مىنى چاقىرتىپ، بۇ يېزىنىڭ ئەڭ چەت، قاقاس، ئاندا - ساندا ئۆيلەر كۆزگە چېلىقىدىغان، بۇ يەردىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەنتكە بېرىپ ئىشلىشىمنى ئېيتتى. «نېمىشقا؟» دېگەن سوئالنى قويۇشتىن ئەيمەندىم. چۈنكى، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماسلىقنى توغرا كۆرمىدىم.

ئەمدى بۇرۇنقى شوخلۇقلىرىم، ئوچۇق مىجەزىم، كەسكىنلىكىم، ئۆزۈمگە قاتتىق ئىشىنىدىغان خاراكتېرىم تۈپتىن يوقىلىپ، جىمغۇر، قورقۇنچاق، كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ باشقىلارغا مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئادەمگە ئايلانغانىدىم. ئەمما، بارلىقىمنى خىزمەتكە ئاتايدىغان روھىم سۇسلاشمىغانىدى، ئۇ دېگەن ئانامنىڭ تىلىكى. ئەمما، ئادەم دېگەن تۆمۈر ئەمەسكەن. ھەرقانچە قەتئىي روھىڭ بولسىمۇ، جىسمانىي كۈچۈڭ ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىكەن. كۈندە 12 كىلومېتىر مۇساپىنى ۋېلسىپىت بىلەن بېسىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. بىر ياخشى يېرى، بۇ يەردە كۈندۈزىلا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، كەچلىكى بۇرۇنقىدەك دىشۋارچىلىق تارتىپمۇ يۈرمىدىم.

شۇ يوسۇندا ئۈچ ئاي ئۆتتى. مەن بۇ جەرياندا ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتقاچقا، ئەختەمنىمۇ، گۈلباھارنىمۇ كۆرمىدىم. ئۇلارنى كۆرۈشتىن بىزار بولسامۇ، ئەمما قانداقتۇر بىر تۇيغۇ

مېنــى يەنە ئــۇلارنى كۆرۈشــكە دەۋەت قىلاتتــى. ســىرلىق، تۇيۇقــسىز بولغــان تويىنىــڭ ســىرىنى بىلــىش ئىــستىكى مېنــى قىيناپتتى.

دوستۇم ئەلانۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەختەم باشقا بىر يېزىغا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ مەندىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولدۇم.

تۇيۇقسىز يېنىمدا توختىغان ماشىنا خىيال يىپلىرىمنى ئــۈزۈۋەتتى. كابىنكىنىــڭ ئەينىكــى ئېچىلــىپ، روھىمنىــڭ رەھىمسىز قاتىلى كۆرۈندى:

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

قاراڭ، دۇنيادىكى ئادەملەر نېمانداق غەلىتە؟ ئۇ مەنــدىن ئەھۋال سوراۋاتىدۇ. مەن گەپ قىلماي، ۋېلىسىپىتىمنى تېزلىتىپ مېڭىــۋەردىم. ماشــىنا چاڭ توزۇتــۇپ، ئالــدىمغا ئۆتــۈپ كەتتــى. مەن يىغلىۋەتتىم. ئادەمنى شۇنداقمۇ بــوزەك قىلامــدۇ؟ ئــۆزۈڭگە قىلارسەن، ئىلاھىم.

شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم، ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئورمانلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگىنىمــدە، تۇيۇقــسىز ئــۇ يەردىــن يــۈز - كــۆزلىرى قىزىرىــپ كەتــكەن ئەخــتەم چىقىــپ كەلدى ۋە ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىنى توستى:

— جېنىم نۇربىيە، مەن ئىلىنىشىپ قالاي دېدىم. ئاڭلىسام توي قىلىدىكەنسىز، ئەلانۇر شۇنداق دەيدۇ. توي قىلماي تۇرۇڭ. ماڭا بىر يىل ۋاقىت بېرىڭ، مەن چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىمەن.

ئۇ مەستتەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— ئاجرىشىدىغان ئــادەم نېمىــشقا تــوي قىلغــان؟ — دەپ سورىدىم.

— ســىز زادى نــېمە ئىــش بولغــانلىقىنى بىلمەيسىز. مەن كەسىپ ئۈچۈن مــۇھەببىتىمنى قــۇربــان قىلــدىم. ئەرلەر ئۈچــۈن

كەسىپ بىرىنچى، شۇنداقمۇ؟

— مەن كەسپىڭىزنىڭ نەرىگە تاقاشقان؟

— يېزا باشلىقى پەيزۇللانى بىلىسىز. ئۇ چاتاق چىقىرىپ قويۇپتىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى بار ئەمەسمۇ...... مېنى قۇربانلىق قىلماقچى، مېنى ئۆستۈرۈش نامزاتلىقىغا كۆرسەتمەكچى بولدى. نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ سىزنى بار دېسەم، ئۇنىڭغا ئامالىم بار دەپ، زادى گەپ بەرمىدى. سىزنىڭ يىراق يەرگە كېتىشىڭىزگىمۇ مەن سەۋەبچى. مەن سىزگە ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلدىم، بىراق سىزگە قەستەن قىلمىغانلىكى، مەن پەقەت نامىدا توي قىلدىم، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ھەم نېمە ھەددىم بار دەيسىز؟ ئۇ دېگەن خەقنىڭ ئامانىتى تۇرسا...... بىر يىلدىن كېيىن بالا تۇغۇلۇپ بولغاندا ئاجرىشىدىغان تۇرسام...... جېنىم نۇربىيە، مېنى ساقلاڭ...... مەن يەنە ئۆسۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ چاغدا سىزگىمۇ ياخشى، — ئۇ ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

خىلىلا مەست بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى كۆرگىلى بولمايتتى: مەن ئىشقىدا ئۆلەي دەپ قالغان ئەختەم مۇشۇمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇغان، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئالىي مەكتەپ بىلەن خوشلاشقان ئىستۇدېنت مۇشۇمۇ؟ تۇرۇپلا كۆڭلۈمدىكى نەپرەتنىڭ ئورنىنى ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى پارازىت قۇرتلار غاجىلاۋاتاتتى......

مەن خىيالدىن چۆچۈپ، ئالغا ئىلگىرىلىدىم. ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، تېزرەك ئۆز دۇنيايىمغا كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا تىركىشىۋاتقاندەك، ۋېلىسىپىتنى كۈچەپ تەپتىم.

توپىلىق يول مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت توپلىشىمغا قارشى چىقىۋاتقانىدەك، مېنى ھارغۇزۇپ ھالىمنى قويمىدى. ئارام ئالماقچى بولۇپ، ئاخىر چوڭ يولنىڭ بويىدىكى يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كەلدىم ۋە ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتىم:

ئەي سىردىشىم يۇلغۇن چېچىكى، سەن راستلا ماڭا بەخت تىلەپسەن. ئۆتكەندە مەن سەندىن ئورۇنسىز ئاغرىنىپتىمەن. مېنى ھېلىقى ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقتىن ئاجرىتىپ قويۇپ، مېنىڭ ئۆزلۈكۈمدەك جۇلالىنىپ، ھاياتلىقنىڭ سۆزلۈك ئىقىنلىرىدا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىشىمغا مەدەت بېرىپسەن. ئەمدى چۈشەندىم، ئانامۇ توغرا ئېيتىپتىكەن: ئۆزىڭىزنى ئاياڭ بالام، كۆڭۈل دېگەن ئۆزلۈكىدىن ئەزىز ئەمەس. ئەرزىمەس ئادەملەر ئۈچۈن جاننى ئۇپرىتىش ئەخمەقلىق.

ئەي يۇلغۇن چېچىكى، ماڭا يەنە بەخت تىلە!

ئەسلىمىلەر قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ رېئاللىقىمغا قايتتىم. مەسئۇلىيەتچان ئېرىم، ئوماق باللىرىم مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. ئويلاپ باقسام، بۇ دۇنيادا ماڭا ئەڭ تەسىر كۆرسەتكەن، مەڭگۈلۈك بەخت ئاتا قىلغان يەنىلا غۇبارسىز يۇلغۇن چېچىكى ئىكەن. ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ پاكلىقى، ئىرادىلىكلىكى بىلەن قىشنىڭ جۇدۇنىدىن، يازنىڭ كۆيدۈرگە ئاپتىپىدىن ساق ئۆتەلەيدىكەن. يۇلغۇنچىلىك بولالمىغان ئاشۇ ساختىپەز، خەلقنى ئالدىغان كىشىلەر تۆكۈلگەن ياپراقتەك رېئاللىق تارازىسىدا چەيلىنىپ، توزۇپ كېتىدىكەن. ئىنساننى تەبىئەت قۇتقۇزماقتا، ئىنسان بۇنىڭغا ھەر خىل جاۋاب بەرمەكتە.

# تىلەمچىنىڭ بالىسى

رازىيە مۇئەللىم كۈندىلىك ئادىتى بويىچە يېرىم سائەت بۇرۇن ئىشقا كەلدى ۋە ئۇدۇل سىنىپىغا كىرىپ ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مەيدانىغا چىقتى. ئۆزىدىن بۇرۇن كېلىپ مەيدان سۈپۈرۈۋاتقان باللارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

چىرايلىرىدىن سەبىيلىك يېغىپ تۇرغان بىر توپ باللار رازىيە مۇئەللىمنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. «بىرەر يېڭى خەۋەر بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى مۇئەللىم، چۈنكى بۇ باللار بىرەر يېڭى گەپ تاپسا، مۇئەللىمگە دېيىشكە ئالدىراپ كېتەتتى.

دېگەندەك، ئۇلار كېلىپلا ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كېتىشتى:

— مۇئەللىم، ئەلقەم ئەمدى ئوقۇمايدىكەن.

— ئۇنىڭ ئۆيىنى چېقىۋېتىپتىكەن، ئولتۇرىدىغان يېرى يوقكەن. ئەمدى يۇرتىغا كەتكۈدەك.

رازىيە مۇئەللىم تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان ئىزغىرىن شامالدىن ئەندىككەندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ ئىسىگە كەلگەندىن كېيىن:

— نېمە دېدىڭلار؟ نەگە كېتىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى دېمىدى. يۇرتىدا ئۆزىنىڭ ئۆيى باركەن، شۇ يەرگە كېتەمدىكىن.

— هازىر نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ؟

— بىرەيلەننىڭ ھويلىسىدىكى ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

— قايسىڭلار ئۇ ئۆينى بىلىسىلەر؟

— ئۆينى بىلمەيمىز، بىراق ئانىسىنىڭ ئىشلەيدىغان يېرىنى...... — ئاقپىشماق كەلگەن، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، ئۈستىدىن نېپىز ياغلىقنى باستۇرۇپ چىگىۋالغان بۇ قىز تۇيۇقسىز گېپىنى توختاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى باشقا بالىلارنىڭ تاپا-تەنىلىرى بېسىپ كەتكەنىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم، ھۇ ۋاتىلداق.

— تۇرغۇن مۇئەللىم دېمەڭلار دېگەن گەپنى دېگىنىنى......

بالىلار شۇنداق دېگەچ تېزلا تارقاپ كېتىشتى.

رازىيە مۇئەللىم كۆز ئالدىدا دېيىلىۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن مەسئۇل بولغان بۇ بالىلارنىڭ بوش ئەممەسلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇنى ئازراق ۋەھىمە باستى. ئۇنى بالىلار دەۋاتقان «سىرلىق ئىش»نىڭ تېگىگە يېتىش ۋەسۋەسىسى چىرماپ تۇرسىمۇ، بىراق سەل تەخىر قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ، كەينىگە ياندى-دە، ئىشخانىسىغا كىرىپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە باشلىدى. «زادى نەدە ئىشلەيدىغاندۇ؟ ‹دېمەڭلار› دەپ شۇنچە قاتتىق تاپىلىغۇدەك زادى نېمە گەپتۇ؟» ئۇنىڭ كاللىسىنى خىيال چىرمىۋالدى. كونىلارنىڭ «يېپىقلىق ئاياغقا ھەركىمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ. ئىش قانچە سىرلىق بولغانسېرى ئادەمنى شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ.

ئۇ تاپشۇرۇقنىمۇ ئارامىدا تەكشۈرەلمىدى. ئەلقەمنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى ئۇنى

سىنىپقا يەنە سوّرەپ ماڭدى. ئۇ سىنىپنى سۈپۈرۈۋاتقان ئۆگىنىش ھەيئىتىنى چاقىرىپ، سوراشقا باشلىدى:
— ئېيتىڭە، ئەلقەمنىڭ ئانىسى نەدە ئىشلەيدۇ؟
— خاپا بولماڭ مۇئەللىم، ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. تۇرغۇن مۇئەللىم بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىمىزنى تاپىلىغان.
— مەن سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار تۇرسام، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟ بۇ سوئالىم بىر ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك.
— تۇرغۇن مۇئەللىم: «بۇ سىرنى ئېيتقان كونىۋىلار ئەلقەمنى نابۇت قىلغان كونىۋىلار. مەن يۆتكىلىپ كېتىمەن، مەن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇ گەپ قەتئىي تىلغا ئېلىنمىسۇن» دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلىغان.
— مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن. ھازىرلا ئانىسىنى تېپىپ ئەلقەمنى مەكتەپكە ئەكەلمىسەم بولمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟
قىزچاق لېۋىنى چىشلەپ، رازىيە مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئۇنىڭ ئانىسى خەلق سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىدۇ. بۇرۇن بىر قېتىم مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئەلقەم دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغىلى تاسلا قالغان.
— نېمىشقا؟ — رازىيە مۇئەللىمنىڭ چىرايىنى بىردىنلا جىددىيلىك قاپلىدى.
— ئالماس ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، «تىلەمچىنىڭ بالىسى، قىرىق بىر چىلتەن دىۋانىنىڭ بالىسى» دەپ تىللاپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە كەتكەن. ئەتىسى ئۇنىڭ دورا ئىچىۋېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشتا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. شۇندىن بېرى ھېچكىم ئۇنداق گەپنى ئېغىزغا ئېلىپ باقمىدى. ھەرگىز چاندۇرۇپ

قويماك، ئوبدان مۇئەللىم،ــ بۇ سەۋەبىي قىزنىڭ كۆچلۈك ئىنسانىي مۇھەببەت تۇرغۇپ تۇرغان ئاخىرقى سۆزىدىن يۈرىكى ئېرىپ كېتەيلا دەپ قالغان رازىيە مۇئەللىمنىڭ چىرايىنى ئاۋۋال سۆيۈنۈش، ئاندىن كۆچلۈك ھەسرەت ئىزنالىرى قاپلىدى.

سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇ دېمى قىستىلىپ نەپەس ئالالمايۋاتقاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئاسمانغا قارىدى: ئەتىگەنلىك شەپەق ئاسماننى قىپقىزىل بوياپ، يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ » ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ خەلق سودا سارىيىغا قاراپ ماڭدى. دېگەندەك، سارايىنىڭ ئالدىدا يۈزگە يېقىن رەڭ چۈمبەل تارتقان بىر ئايال سىرپاي چېلىپ، ئىنتايىن مۇڭلۇق ئاھاڭدا «پاتىمە»نى ئېيتىۋاتاتتى:

پاتىمەنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
ياماي دېسە ياماق يوق،
چىگىپ كىيگەن پاتىمە.

سەن-سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟
مەن - مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.
......

ئۇ ئايال ناخشىنىڭ مۇڭىدىن يۈرىكى ئېزىلگەن

كىشىلەرگە قاراپ، يا «غوجام»، يا «خېنىم»نى قېتىپ سەدىقە تىلەيتتى. تىلىگەندىمۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاش، ئاتا-ئانا، پەرزەنتلىرىنى يۈز بېرىش ئالدىدىكى بالا - قازادىن ساقلاش ئۈچۈن سەدىقە بېرىشنى تىلەيتتى. كېتىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئاتىغان بىر - ئىككى يوەن پۇلنى ھېلىقى ئايالنىڭ ئالدىدىكى ياغلىققا تاشلىسا، بەزىلىرى پەرۋا قىلماي كېتەتتى. ئاز بىر قىسمىلىرى 3 — 4 قەدەم نېرى كېتىپ بولۇپ، يەنە كەينىگە يېنىپ كېلىپ سەدىقە تاشلايتتى. بەلكىم ئۇلاردا سەدىقىنى بەرمەي كەتسە، خۇددى بالا - قازا كېلىدىغاندەك ۋەھىمىلىك تۇيغۇ پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

رازىيە مۇئەللىم بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېزىلىپ، رەھمەتلىك ئانىسىنى يادىغا ئالدى. ئانىسى تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى، بولۇپمۇ چۆچەك، رىۋايەتلەرنى بەك جىق بىلەتتى. بىر قېتىم پاتىمە توغرۇلۇق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: پاتىمە تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر موھتاجلىقىغا چۇشۇپ قاپتۇ. بالىلىرىنىڭ ئاچ-زارلىقىغا چىدىمىغان پاتىمە ھېچ ئامال تاپالماي، چامغۇرچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشلارنى قازانغا سېلىپ قاينىتىشقا باشلاپتۇ ۋە دۇئا - تىلاۋەت قىپتۇ. نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي قاينىتىپتۇ. بالىلىرىغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى، چىن ئىخلاسىدىن تەسىرلەنگەن تەڭرى ئۇنىڭغا شەپقەت قىپتۇ. قازاندىكى تاشلار چامغۇرغا ئايلىنىپ، بالىلىرى بىر ۋاقلىق مەززىلىك تاماققا ئېرىشىپتۇ...... ئۇ كۈز چاناقلىرىدا ئانىسىنى سېغىنىشتىن پەيدا بولغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە تىلەمچى ئايالغا قارىدى.

ھېلىقى ئايال ئادەملەر توپى كەتكەندىن كېيىن، يەنە

سىرپاي چىلىپ تووْلاشقا باشلىدى:

ــ بالا ـ قازا مۆرەپ كەلمەس، پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ. مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسىلا، ئاز بولسىمۇ ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە، ئاغرىق ـ سىلاق، بالا ـ قازادىن نېرى بولاتتىلا. ئۆيۈمدە پۇت ـ قولى تۇتماس بولۇپ، بەدىنىدىن يىرىڭ ئېقىۋاتقان ئوغلۇم بار ئىدى. داۋالىتاي دېسەم، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى......

رازىيە مۇئەللىم تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، بىرمۇنچە سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئايال يەنە ئۆزىنىڭ توقۇۋالغان ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

رازىيە مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇ ئايال قولىغا دەرھال سىرپايىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى:

ــ سەپەر ئېيىنىڭ ۋەھىمە بالاسىدىن نېرى بولۇشقايلا، ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى ئەزىز جانلىرىدىن ئايىمىغايلا. ئالتۇن بويلىرىدىن بەخت ئايلانسۇن، قىزىلگۈلدەك باللىرىنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونسۇن......

رازىيە مۇئەللىم تاقەتسىزلىنىپ، سومكىسىدىن بەش يۈەن پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى ـ دە، ۋېلسىپىتىنى مىنىپ كېتىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىنچى سائەتتە دەرسى بار ئىدى.

رازىيە مۇئەللىم دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ يەنە كەلدى ۋە بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى. ھېلىقى ئايال ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. شۇ تەرىقىدە ئۇ يېرىم سائەتچە

تـۇردى. ئـۇ سومكـسـدىن 10 يـۈەن پـۇلنى ئېلـىـپ، ھېلىقـى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— ئاچا، ماڭا 10 مىنۇت ۋاقتىلىرىنى بەرسىلە. بـۇ ئـىش بەك مـۇھىم. سـەل قارىمـىسىلا. ئوغۇللىرىنىـڭ ئـىستىقبالىغا ئولتۇرۇپ قويمىسىلا، — دېگىنىچە ئايالغا قاراپ تۇردى. ئـارىنى بىردەم سۈكۈت قاپلىغاندىن كېيىن، تىلەمچـى ئايـال تۇيۇقـسىز ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتـى. ئۆتـۈپ كېتىۋاتقـان كـىشىلەر ھەيـران قالدى بولغاي، ئۇلارغا قاراپ قويۇپ يـولىنى داۋام قىلىۋاتـاتتى، بەزى يـاش بـالىلار كۈلۈشـكىنىچە ئۆتـۈپ كېتىۋاتـاتتى. ئۇلارغـا بەلكىم تىلەمچىنىڭ يىغلىغىنى غەلىتە تۇيۇلغـان بولـسا كېـرەك. بىر قېتىم رازىيە مۇئەللىمنىڭ تۆت ياشلىق بالـىسمۇ نـان يەپ ئولتۇرغـان بـىر تىلەمچىنـى كۆرسـىتىپ: «ئانـا، قـاراڭ، ئـاۋۇ تىلەمچى نان يەپتۇ. تىلەمچىمۇ نان يەيدىكەن ـ ھە، ئانـا؟» دەپ سورىغانـدى.

رازىيە مۇئەللىم ئۇ ئايالنى بەزلىدى:

— نېمە بولدىلا ئاچا، بىزمۇ ئىنسان بالىسى. نـېمە دەرد بولـــــسا تەڭ تارتمــــــايمىزمۇ؟ ئـــــۆزلىرىنى ئاسرىـــــــسىلا، يىغلىمىسىلا......

— تـوۋا، بـۇ دۇنيـادا بالامغـا كۆيۈنـىدىغان ئادەمـدىن بىرسى بولسىمۇ باركەن، رەھمەت سىلىگە. مەن يىغلىماي كىـم يىغلىسۇن، ئۆز خېنىم. مېنـى مۇشـۇنداق دەردكە قويغـان ئـاۋۇ رېستوراننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئۇرايىم دېگەن دىۋانە. ئۇنىـڭ بىلەن ئېزىپ-تېزىپ توي قىلىپ سالپتىمەن. بالامنى ئۆگەيلەپ، قىلمىغـان- ئەتمىگەنلـىرى قالمـىدى. بـۇ ھـۈنەرنى ماڭـا شـۇ ئـۆگەتكەن. شـۇنىڭ يـۈزىنى قىلىـپ گەپ قىلمىـسام، مېنـى ھايۋاننىڭ ئورنىدا كـۆردى. چوشكەن پۇللىرىنىـڭ ئـازغىنە بىـر قىــسمىنى ئـۆيگە ئەكىرىــدۇ، قــالغىنىنى تــۇل خوتۇنلارغــا

خەجلەيدۇ. يۈزلىمدىكى ماۋۇ كۆككە قارىسىلا، — ئۇ شۇنداق دېگەچ چۈمبىلىنى ئاستا قايرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سول كۆزىنىڭ چۆرىسى قاپقارا، كۆزىنىڭ ئېقى بولسا قان قۇيغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. رازىيە مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى ۋە بۇ ئىشلاردىن ھەيران قالدى. ئۇستىبېشىدىن قارىماققا 50 — 60 ياشلاردا كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال ئەمەلىيەتتە كۆپ بولسا 40 ياشلاردا بار ئىدى.

ئۇ ئايال بىردەم ئېسەدەپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى «ئەلدىيار رېستورانى»نىڭ ئالدىغا ھۈنەرگە چىققان. يەكشەنبە ئۇ يەردە توي بولىدۇ، ئادەم كۆپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ دىۋانە «سىلە باشقا يەرگە كېتىڭلار، بۇ مەن ئولتۇرىدىغان يەر» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. كىمنىڭ زىيان تارتقۇسى كېلىدۇ، مەنمۇ ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئۇ يۇگۈرگىنىچە كېلىپ بىر مۇشت سېلىۋىدى، كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. بالامنىمۇ ھەمىشە قاتتىق ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۆز دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرسۇن دەپ ئەۋەتسەم. بالا ئۆگىنىشكە چىدىيالمايدىكەنمەن. قانداق قىلىمەن؟ ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، ھېلىمۇ بۇ تۆتىنچىسى. «ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيلۈك بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرلىك بولسۇن» دەپتىكەن، بارى ئەۋزەل. قېرىغانىدا غېرىبچىلىقنىڭ دەردىنى تارتماسمەن دەيمىنا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر كىشىلەردە ئىنساب قالمىدى. سەدىقىمۇ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۆز جېنىمنى ئاران بېقىپ كەتكۈدەكمەن. مېنى كەچۈرسىلە، ئۆز خېنىم. مەن تىرىكچىلىكىمنى باشلاي.

ئۇ ئايال سىرپايىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى، رازىيە مۇئەللىم

تېزلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

ــ ئالدىرىمىسىلا، گېپىم تۈگىمىدى. بالىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ قويسىلا. بىر كۈنلەردە بۇ ھۈنەرلىرى پەقەت ئاقماي قالسا قانداق قىلىلا؟ بالا قانداق جېنىنى باقىدۇ؟ ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىپ باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بىكار. مۇنداق قىلايلى، ناۋادا قوشۇلسىلا بىرى ياردەم قىلىدۇ، بالىنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. بالىغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەرسىغۇ ئۆگەيلىمەس؟ ئۇ ساخاۋەتچى مېنىڭ تىجارەتچى نەۋرە ئاكام ئەسقەر بولىدۇ. ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ساخاۋەتچى. ئۇنىڭغا دەپ باقساق، ئۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ. مەن دەپ باقاي، ياكى بولمىسا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا ئىلتىماس يېزىپ ھەل قىلارمىز. سىلىگە كەلسەك، بىر دوستۇمنىڭ ئاكىسى 20 نەچچە ئۇستەللىك تېز تاماقخانا ئاچقان. شۇ يەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىش ھەققىمۇ يامان ئەمەس، بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىدىن مىڭ ياخشى. قايسىبىر پەيلاسوپ: «بەخت ــ ئەجىر، مېھنەت دېمەكتۇر» دېگەنىكەن. سىلىمۇ ئۆز بەختلىرىنى تاپسىلا، ــ ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئايالغا قادىلىپ قاراپ تۇردى. رازىيە مۇئەللىمنىڭ بۇ قارىشىدا بىر خىل ھېسداشلىق، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئازابلىق تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئايال بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ بوپتۇ، خان بالام، شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى، بالىمۇ يېنىمدا تۇراتتى. ئۆز دادىسىمۇ تايىنلىق، جېنىنى ئاران باقىدۇ ئۇ نەشىكەش. خوتۇنى ئۆگەيلەپ كەتتىمۇ تېخى بالامنى. ئالتۇن تاپانلىرىغا بەرىكەت نېسىپ بولار، بىر يول مېڭىپ كۆرسىلە، ھەل بولسا مەن بالىنى ئەكەلدۈرۈشنىڭ يولىنى قىلاي. خوش ئەمىسە خان بالام،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

خەۋىرىنى تېزرەك بېرىۋېتەلا. بالا دەرستە بەك كەينىدە قالمىسۇن، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

رازىيە مۇئەللىم يېڭىدىن قارىماي ياتقۇزۇلغان چوڭ يولغا چىقىپ، بىر توختاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، تېز تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئالتۇن قۇياش ئۆز نۇرىنى ئالەمگە سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

# يول

قىپقىزىل شەپەق ئەتراپقا يېيىلىپ، چېھرىلەرنى شەلپەردەك قىزارتىپ تۇرغان ئەڭ گۈزەل مىنۇتلاردا يېنىك قەدەملىرىم بىلەن خىزمەت ئورنۇمغا قاراپ ماڭدىم. بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە تويماي قارىغىنىمچە مەكتەپكە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئالدىمغا سىنىپىمدىكى ئۆمەر ئىسىملىك بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئاينۇر مۇئەللىم، سىزنى ئانام ئىزدەيدىكەن، — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ئانىڭىز قېنى؟ — دېدىم بۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بالىغا سەپسالغىنىمچە.

— ئىشخانىڭىزنىڭ ئالدىدا.

مەن ئۇ بالىنىڭ كەينىدىن تېز - تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدىم. ۋۇجۇدۇمنى بىردە ئەندىشىلىك خىياللار چىرمىسا، بىردە ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى ئىگىلەيتتى. مۇشۇ كەملەردە بىراۋ چاقىرسىمۇ، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىسىمۇ ئەندىكىپ، «قايسى ئوقۇغۇچىغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەندەك ئەندىشىلىك خىيال ئىچىدە يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ بەلكىم يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان زىيادە سەزگۈرلۈك ئالامىتى بولسا كېرەك.

ئىشخانامنىڭ ئالدىدا 40 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، زىلۋا، بۇغداي چاچ، قاپقارا قوشۇما قاش،

يارىشملىق كىيىنگەن بىر چىرايلىق ئايال قاراپ تۇراتتى. مەن بۇ سىنىپقا يېڭىدىن مەسئۇل بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن تېخى ئەسرالىشىپ بولالمىغانىدىم.

بىز سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايال ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ سىز ئاينۇر مۇئەللىم بولامسىز؟ــ دەپ سورىدى.

ــ شۇنداق، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

ــ سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ كېلىۋىدىم. ئاڭلىسام، كېلەر ھەپتە مەكتەپىڭلاردا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مېنىڭ بالامۇ قاتنىشىپتىغۇ. ماقالىسىنى بىر تەسرى بار يازغۇچىغا يازدۇرۇپ قويدۇم. ئاڭلىسام، سىز ھەر نۆۋەتلىك نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولىدىكەنسىز. بالامغا ئوڭ كۆزىڭىزدە قاراپ قويارسىز. مانا بۇ ئاز بولسىمۇ كىچىككىنە كۆڭلۈم،ــ ئۇ شۇنداق دېگەچ سومكىسىدىن بىر تال قاشتاش بىلەزۈكنى ئېلىپ، قولۇمغا سېلىشقا تەمشەلدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، كاللامدا: «مانا كۆرۈڭ، مۇنداقمۇ ‹كەشپىيات›لار پەيدا بوپتۇ دەڭ» دېگەن خىيال «يالت» قىلىپ ئەكس ئەتتى. چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان كۈچلۈك ھەيرانلىقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتىم.

ــ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ بۇ دېگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەق مەيدان ماھارىتىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆتكەل. يەتتە ئادەم گىرافىدىكى ئۆلچەم بويىچە باھالاپ، ئاخىرىدا جەملەپ چىقىدىغان نەتىجە. قىلچە ساختىلىق ئىشلىتىلمەيدۇ. مۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولماڭ.

ئۇ ئايال مېنى «ئۆزىنى سالاغا تارتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، يەنە زورلاشقا باشلىدى. ئاخىر ئۆزۈمنى

تۇتۇۋالالماي، ئۇ ئايالنى سىلكىۋەتتىم.

— سىز بالىڭىزنى بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈپ نېمە قىلماقچىدىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا يازدۇرۇپسىز، — دېدىم-دە، سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم.

ئۇ ئايالسىز نەرسىسنى سومكىسىغا سالدى.

— بالام نەتىجىگە ئېرىشسە ئىلھاملىنىپ، تېخىمۇ تىرىشارمىكىن دەپ...... قانداق قىلسام ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەركىن دەپ شۇ...... — دېدى ئۇ كېكەچلەپ.

«بۇنداق ساختا ئىلھامنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ بۇنداق ئىلھام يامغۇرلۇق ھاۋادىكى چاقماقتەك ئوخشايدۇ. يامغۇر ئۆتۈپ كەتسە ھېچنەدىن تاپقىلى بولمايدۇ.» مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇ ئايالغا سۆزلەشكە باشلىدىم:

— بالىڭىزنى ئىلھاملاندۇرماقچى بولغىنىڭىز، نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەكچى بولغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بۇ سىزنىڭ بىر مەسئۇلىيەتچان ئانا ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ۋاستىڭىز توغرا ئەمەس. ئەگەر ۋاستىڭىز توغرا بولمىسا، سىز بالىڭىزنى يېتەكلەيمەن دەپ چوڭقۇر جىلغىغا باشلاپ بارىسىز. سىز بالىڭىزنى يېتەكلەشتە باشتىن باشلاپ. مەيلى قانداقلا مۇسابىقە تۈرلىرى بولسۇن، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەشىق جەريانلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بەك زورۇقۇپ، ئالدىراپ كەتمەك. پەرۋىشىڭىز ياخشى بولسا، قوغۇن پىشسا ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلىدۇ. ھەرگىز ئۈزۈشكە ئالدىرىماڭ، بولمىسا قوغۇنمۇ بەتتەم، پىلەكمۇ كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بالىنىڭ ئاساسىي بىلىمىنى پۇختىلاڭ، كۆپ مەشىقلەندۈرۈڭ.

ئۇ ئايال ئەمدى تېخىمۇ بەك ئوڭايسىزلاندىمۇ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالمىغاندەك، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قانداق قىلسام بالامنى ياخشى ئوقۇتىمەنكىن دەپ شۇ...... بۈگۈنكى كۈندە ياخشى ئوقۇتمىسا تېخى بولمىسا...... ئەمدى شۇنداق قىلاي...... رەھمەت سىزگە......

— بايا دېدىمغۇ، بولدى، ئوڭايسىزلانماڭ. يولنى بىلىۋالغاندىكىن، ئەمدى ماڭالايسىز. ئۇ سىزنى پارلاق مەنزىلگە باشلاپ ماڭىدىغان يول.

— رەھمەت سىزگە، مۇئەللىم،— دېدى ھېلىقى ئايال كۈلۈمسىرەپ مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

— ئەرزىمەيدۇ، خوش ئەمىسە،— دېدىم مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ ئايال تېز - تېز چامداپ كېتىپ قالدى.

مەن يېنىك بىر تىنىپ، ئۆز ئىشىمغا تۇتۇش قىلدىم.



# گۇمان

بۈگۈن مەلىكەنىڭ كۆڭلى تولىمۇ بىئارامچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. خىزمەتتىمۇ بولمىدى. ھە دېسىلا ئاخشام كەلگەن تېلېفون يادىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى قىينايتتى: «نېمىدەپ تېلېفوننى ئالسام گەپ قىلماي قويىۋېتىدۇ؟ كەلگەن نومۇرنى كۆرسىتىش مۇلازىمىتى بېجىرەيلى دېسەم ئۇنىمىغانلىقىدا گەپ بار ئىكەن - دە، چوقۇم ئۇنىڭغا قىزلاردىن كەلگەن تېلېفون، بولمىسا نېمىشقا.......»

ئاخىر قويۇپ ئۇيۇققا پاتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپلا ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدى. گادىرماچ خىياللار بىلەن تۈننىچى قەۋەتكە قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئىشكنى ئاچماقچى بولۇپ ئاچقۇچنى سىلىۋىدى، بىراق ئېچىلمىدى. ئالاھازەل 20 مىنۇتچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ زادىلا ئېچىلمىدى.

ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى: «مانا، پەرىزىم توغرا چىقتى، ئۆتكەندە مېنى ئۆيدىن ھەيدەشنىڭ شەپىسىنى بېرىدىغان ياپتا گەپ قىلغان، ئەمدى قۇلۇپنىمۇ ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ، ھېلىقى تېلېفونچۇ تېخى؟ مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئىككى بالىنى دەپ مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇۋاتىمەن. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قالار، بۇ قېتىم زادى ئاجراشقىنىم ئاجراشقان.......»

ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئۆلۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن پەلەمپەيدىن خۇددى روھى چىقىپ

كەتكەن ئادەمدەك لەلەڭشىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئاخىر بۇ پەلەمپەيلەرمۇ تۈگىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا چۆچۈپ كەتتى: ئۇنىڭ ئۆيى 1-كورپۇستا بولۇپ، ئۇ ھازىر 2- كورپۇستىن چىققانىدى.

ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىدا، بىر ئايال خىزمەتدىشى كېلىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە:

— ئاخشام بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى كېرەك بولۇپ قېلىپ، سىزدىن سوراي دەپ تېلېفون ئۇرغانىدىم. بىراق، ئېلىشىڭىزغا يانفونىڭىزنىڭ توكى تۈگەپ كېتىپ ئۈزۈلۈپ قالدى...... — دېدى.

مەلىكەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىردە يەرگە قارىسا، بىردە قاراقلىرى تارتىشقۇچە ئاسمانغا قارايتتى......



# يېشىل دالا

يەنە شامال چىقتى. يول ياقىسىدىكى سۆگەتلەر يېنىك تەۋرىنىۋاتاتتى. كىچىكىمدىن تارتىپ شامالنى ياخشى كۆرەتتىم. مەيىن شامالنىڭ يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتۈشىگە شۇ قەدەر تەشنا ئىدىم. ئەمما، شۇ تاپتا مەيىن شامالنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلىگۈچى بولغان بولسامۇ، يۈرىكىمنى غاجىلاۋاتقان «چاشقان» ھۇزۇرلانغىلى قويمايۋاتاتتى.

بىئاراملىق ئىلكىدە يۈرەك - باغرىم قان بولدى. گۇگۇم بىلەن تاڭ قاراڭغۇسىنى پەرقلەندۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىخۇدلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. بىراق، «نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئوقۇش نىيىتىمدىن يانمايمەن، ئاخىرغىچە بەل قويۇۋەتمەيمەن. ئوقۇغىنىم ئوقۇغان» دېگەن ئىرادەم بوشاشمىغانىدى.

مەن شۇنچە تىركەشكەن بولسامۇ پەقەت ئۈنۈمى بولمىدى. دادامنىڭ مىجەزى بەكلا جاھىل بولغاچقا، يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشۇمغا قارىماستىن مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالدى. ئانامغۇ چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ، يەرگە قاراپ، دادام نېمىلا دېسە «خوش» دەپ تۇرغىنى تۇرغان. گەرچە بۇنى بىلىپ تۇرسامۇ، بۇ قېتىم ئانامدىن شۇنچە ئۈمىد كۈتكەنىدىم. «نېمىلا بولمىسۇن، ئانام مېنىڭ دىلكىشىم، دادامنىڭ ئۇزاق يىللىق قەدىناسى بولغانىدىكىن، بىرەر قېتىم گېپىنى يېرماس» دەپ ئانامغا يالۋۇردۇم. ئەمما، ئانام

مشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مېنىڭغۇ سېنى تاقاشقۇچە ئوقۇتقۇم بار ئىدى، لېكىن داداڭ ئۆيىنىڭ بېشى، شۇنىڭ دېگىنى ھېساب ـ تە» دېدى.

ئانام شۇنداق دەپ قۇتۇلدى. يەنىلا بوۋامغا دەي دەپ بوۋامنىڭ قېشىغا يۈگۈردۈم. مەن تۇنجى نەۋرە بولغاچقىمىكىن، بوۋام ماڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى.

ــ مەن سىلىدىن مۇشۇ بىر ئىشنى ئۆتۈنەي بوۋا. دادامغا نەسىھەت قىلىپ، مېنى ئوقۇشقا بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرگەن بولسىلا، تاتلىق بوۋا، ــ دېدىممەن ئەركىلەپ تۇرۇپ.

ــ قوي ئۇ ئوقۇشنى، بۇ گەپنى داداڭغا مەن دېگەن. نېمەڭگە نېمە يەتمىدى سېنىڭ! كىچىككىڭدىن ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدۇق، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بەردۇق، ئەمدى گېپىمىزنى ئاڭلاپ ئۆيدە بىر ـ ئىككى يىل جىم ئولتۇر. تالا ـ تۈزدە جىق يۈگۈرۈپ يۈرگەن قىز بالىدىن چاتاق چىقىدۇ. بۇنى بىلمەمسەن؟ ــ دېدى بوۋام بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم. قاتتىق بىئارامچىلىق، ئازاب يۈرىكىمنى چۇلغىۋالدى.

ــ ئۇنداق ئەمەس بوۋا، ئوقۇغانلار ياراملىق بولىدۇ، نەدە چاتاق چىقىرىدۇ؟ ــ دېدىممەن يىغلامسىراپ.

مېنىڭ گېپىم ھاۋادا لەيلەپ قالدى. بوۋام ئورنىدىن تۇرۇپ، باغقا قاراپ ماڭدى.

شۇ جىمىپ كەتكەنچە ئۈمىدنى ئۈزدۈم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىنى ئېلىپ مەكتەپ ھاياتىم بىلەن خوشلاشتىم. كېلىۋاتقىنىمدا، يول ياقىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قۇم ئۈستىدە قىيپالىڭاچ ئويناۋاتقان ئىككى كىچىك بالىنى كۆرۈپ، يىغا تۇتتى: «ئاشۇ بالىلارنىڭ غېمى يوق ـ ھە؟! ئەجەب بۇ بالىلارنى

ئاتا ـ ئانىسى ئەنسىرىمەي، ئوينىغىلى قويۇپتا؟»
مېنىڭمۇ ئاشۇنداق چاغلىرىم بولغان. بىر مەھەللىدىكى باللار ئەتىگەندىن كەچكىچە بىللە يۈرەتتۇق. يېشىل دالادا بىللە قوي باقاتتۇق، بىللە ئوت ئالاتتۇق، كەچلىكى بىللە ئويناپتتۇق؛ ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتىن چىقىرىپ قويۇلغان قۇملار ئۈستىدە ئېغىناپ دۇم يېتىپ تېپىشماق ئېيتىشاتتۇق، چۆچەك ئېيتىشاتتۇق. كانايمۇ ـ سۇناي، مەرەم تاز، مۆكمۆكىلەك ئويۇنلىرىمىزدىن چىققان سادالار كوچىنى بىر ئالاتتى. قېنى شۇ شاۋقۇنلۇق كوچا؟ قېنى شۇ غەمسىز بىر توپ باللار؟ قېنى مەن؟ ئاھ، يېشىل دالا، قايدىسەن؟......
تەگسىز خىياللار دەستىدىن ئىچىم ئۆرتىنىپ، بىردىنلا يىغا تۇتتى. شۇنداقلا مەكتەپتىن چىقىپ كېتەرمەنمۇ؟ ئاشۇ بىقۇۋۇل، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئېرىنىڭ تېپىپ بەرگىنىگە ھەشقالla ئېيتىپ، تىترەپ ئولتۇرىدىغان بىر توپ ئاياللار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەرمەنمۇ؟...... مەن ئازاب ئىچىدە ئۆزۈمگە ئىندا قىلدىم: «قەتئىي چىڭ تۇرۇشۇڭ كېرەك!»
ھەر خىل ئاماللارنى ئويلاپ تاپقان بولسامىمۇ، بوۋام يەنىلا گېپىدىن يانمىدى. يۈرىكىم ئاچچىق يىغان ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە ئىدى. مەن قەتئىي بوشاشماي، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىكى سىنىپ مەسئۇلۇم ئابدۇرەشىد مۇئەللىمنى ئارىغا سېلىپ، بوۋام بىلەن دادامغا گەپ قىلىپ بېقىشنى ئېيتتىم.
— نېمىشقا باللىنىڭ ئوقۇشىنى توسىسىز، ئابدۇقادىر ئاكا؟
دادام بوۋامغا قارىدى، بوۋام گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى:
— قىلغان گەپلىرى دۇرۇس. بىزمۇ ئويلىغان بۇ ئىشلارنى؛ ھەتتا نەچچە كۈن بۇ ئىشنى ئويلاپ ئويقۇسىز

ئۆتكەن كۆنلىرىممۇ بولدى. ئەمما، ھازىرقى بالىلارغا قاراپ يەنىلا مۇشۇ خۇلاسىگە كەلدىم. قارىماسىز ئۇكام، نۇرغۇن بالىلار ئۆرلەپ ئوقۇدى، ئاندىن گۈزەل غايىلىرىنى، ياخشى خىزمەتلەرنى خىيال قىلىپ شاد ـ خۇرام ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزدى. ئاخىر نېمە بولدى؟ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئۇلار ياراتمىدى، ياخشى خىزمەت ئۇلارنى ئىزدەپ كېلەتتىمۇ؟ شۇنداق قىلىپ، كۆپىنچىسى خىزمەتسىز قالدى. يا قائىدە ـ يوسۇن ئۆگەنمىدى. كېيىن توي قىلسىمۇ يا قېيىنئانىسىغا ياخشى بولالمايدىغان، يا ئېرىگە ياخشى بولالمايدىغان قىسمەتكە دۇچار بولۇشتى. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىردىن باشلاپ ئوبدان تەربىيەلەپ، بىرەر كەسىپ ئىگىلىتىپ، كېيىنكى ئىشلىرىنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ.

— ھەممىسى ئۇنداق بولمايدىغۇ؟ ئاز ساندىكىلىرى شۇنداق. بەزىلىرى ئورۇنلىشۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەۋاتىدىغۇ ئەنە، — دېدى ئابدۇرەشىد مۇئەللىم پەس ئاۋازدا. مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنىڭ پەسلەپ كېتىشىدىن بوۋامدىن تەپ تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەگەر كېيىنكى خىزمەت ئىشىغا بەك ھۆددە قىلىمەن دېسىلە، كاپالەتنامە يېزىپ بېرىپ ئەكېتىپ ئوقۇتسىلىمۇ بولىدۇ، — بوۋام بۇ گەپنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلىۋاتاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇرەشىد مۇئەللىمنىڭ بېشى ساڭگىلىدى. ئارىنى بىردەم سۈكۈت قاپلىدى. بۈگۈن ئابدۇرەشىد مۇئەللىمنىڭ ئارىغا چۈشۈشى كار قىلمىدى. ئابدۇرەشىد مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇئەللىمنى قايتا ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

دەسلەپ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىنى مەكتەپكە ماڭغانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم،

ھەتتــا ئانامغــا: «ئوقــۇغىلى قويمىــساڭلار قېچىــپ كېتىمەن»
دەپمۇ باقتىم، ئەمما ئانام پەرۋا قىلمىدى. ئاچچىقىم كېلىپ،
ئىچىمدە بىر جىن پەيدا بولدى ۋە شۇ كۈنى كەچتە ھېچكىمگە
دېمەي، قازناقنىڭ ئىچىدىكى يوغان جاۋەن ساندۇقنىڭ
ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پاتىپاراق بولۇپ ئىزدەپ
كېتىشكەنلىرىنى، ۋارقىراپ ئىسمىمنى چاقىرغانلىرىنى ئاڭلاپ
ئولتۇردۇم. بىردە كۈلگۈم كەلسە، بىردە «خوپ بولدى،
ئىزدىشە تازا. ئوقۇغىلى قويمىغاندىكىن، بەك ئىزدەش......»
دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم. ئەمما، مەن شۇنداق
ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىرچاغدا چۆچۈپ ئويغىنىپ
كەتتىم، بىرى كۆزۈمگە قولچىراغ تۇتۇۋىدى، مەن قورققىنىمدىن
چىقىرىۋەتتىم. قولچىراغ تۇتۇۋاتقىنى ئانام ئىكەن، ئۇمۇ قورقۇپ
ۋارقىرىۋەتتى. مەن ئاستا ئۆمىلەپ چىقتىم. غەزىپى كەلگەن
دادام چېچىمدىن قاماللاپ، چىرقىراشلىرىمغا پەرۋا قىلماستىن
مېنى ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا بوۋام ۋارقىرىغىنىچە
باغدىن چىقىپ كەلدى:

— بالىنى ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ قويۇۋەت!

بىز ھەممەيلەن ئۆيگە كىردۇق. بوۋام ئەڭ پاساھەتلىك
سۆزلەر بىلەن تەھدىت ئارىلاش بۇيرۇقنى جاكارلىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئوقۇش ئارزۇيۇممۇ سۇغا چىلاشتى. كېيىن بارا - بارا
كۆنۈپمۇ قالدىم. نېمە ئامال بار دەيسىز، يا ئۆز كۆڭلىڭىزنى
ئۆزىڭىز ئېلىپ، ئوقۇغىلى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇمچە
ماتېرىيال پۇلى، سۇغۇرتا پۇلى تۆلەيدىغان گەپ. ئۇ پۇلنى
نەدىن تاپىمەن؟ يەنە كېلىپ قىز بالا تۇرسام، باشباشتاقلىق
قىلىشقا كۆڭلۈممۇ ئۇنىمايدۇ. ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردىم.
ئائىلە شارائىتىمىزمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ، دادام بۇرۇن ئاتا
كەسپى بويىچە چوڭ تېرە سودىگىرى ئىكەنتۇق. ھازىر تېرە

سودىسى ئانچە ئاقمىغاچقىمىكىن، كەسىپ ئۆزگەرتىپ، قاشتاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بۇ سودا ئاجايىپ بىر سودا ئوخشايدۇ، بەزىدە دادام خۇددى شىياڭگاڭ فىلىملىرىدىكى بايلارنىڭ چامادانىدىكى پۇلدەك جىق پۇللارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. مەن ئۇنچىلىك پۇلنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، كۆزلىرىم ئالا چەكمەن بولۇپ كېتەتتى. دادامغا نېمە ئېلىپ بېرىڭ دېسەم، ھەرقانچە قىممەت بولسىمۇ ئېلىپ بېرەتتى. ئۆيىمىزمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ، ئاجايىپ كاتتا سېلىنغان بولۇپ، تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. تەڭتۇش دوستلىرىم ماڭا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى، ئەمما كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر كەمتۈكلۈك بولۇپ، مېنى قىيناپ ئارام بەرمەيتتى. ئەسلى مېنىڭ ئوقۇپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغۇم بار ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەريەم مۇئەللىمگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇنىڭدەك بىر ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئىستىكى قەلبىمنى لاۋۇلدىتىپ كۆيدۈرەتتى. ئەمما، بۇ ئوت كۆيدۈرۈشتىن باشقىسىغا يارىمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ، 18 ياشقىمۇ كىرىپ قالدىم. دادام ئانامنى ئىشقا سېلىپ مېنى قاتتىق تەربىيە ۋە نەزەربەند ئاستىغا ئالغانىدى. ئىلگىرىكى شوخلۇقلىرىم ئەمدى قالمىغانىدى. مەكتەپتىن چىققان ئىككى يىلدىن بېرى بوۋام، دادىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆلارنىڭ نەزىرىدىكى قىزى بولۇپ ئۆتتۇم، كۆڭلۈمدىمۇ ئىلگىرىكى ئارزۇ- ھەۋەسلەرگە ئورۇن قالمىغانىدى. مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلىدىغان رايىش قىز بولدۇم.

بىر كۈنى ئانام ھۇجرامغا كىرىپ بېشىمنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، ئاخشام ئۆيگە ئەلچى كەپتۇ، سىزنى ئاكىڭىزنىڭ ئۆيىگە قەستەن ئەۋەتكەنىدىم. ئەمدى يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە باردى، قىز بالا دېگەننىڭ ۋاقتىدا تالالىق بولغىنى ياخشى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە كېيىنلىكىڭىز ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، بىر گەپنى قىلىمەن. گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى ۋە قۇلىقىمغا پىچىرلاشقا باشلىدى.

بۇ پىچىرلاشلاردىن كېيىن، مەندە دەسلەپ بىرئاز تېڭىرقاش، ئىككىلىنىش بولدى، ھايالىق تۇيغۇ ئارىلاشقان شېرىن بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارىماقتا ئىدى. يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى، مەن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم. ئانام بۇنى رازىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ ئويلىدى بولغاي، مېنى قۇچاقلاپ قويۇپ، كۆڭلۈمسىرىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش بولۇپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيگە بىر توپ ئەلچىلەر كەلدى. ئۇلار ياخشى جاۋابقا ئېرىشىپ، داستىخان تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئەمما، مەندە شۇنداق بىر ئەندىشە ئارىلاشقان تەقەززالىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇۋاتاتتى: «زادى قانداقراق يىگىتتۇ؟» بۇ سوئال مېنى بىرئاز خىيالچان قىلىپ قويدى.

شەرم - ھايا يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قانداقراق بىر ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى سوراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. يېڭى دەۋردە ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ خىل سىرلىق، كونىچە تويلىشىش پۈتۈنلەي بوۋامنىڭ رايى بويىچە بولۇۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتاتتى؛ ھە دېسە ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئېسىدە قالغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بوۋامنىڭ گېپىنى ھېچكىم يىرالمايتتى، ھەتتا ئانامنىڭ «ھېچ بولمىسا يىگىتنى چاقىرتىپ كۆرۈپ باقساق بولاتتى» دېگەن گېپىمۇ شامالدا ئۇچۇپ كەتتى. بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىگىتنى ۋە

ئائىلىسىدىكىلەرنى ئوبدان بىلىدىكەن، شۇڭا باشقىلارنىڭ غەم يېيىشى ھاجەتسىزكەن.

كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇچراشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇلار بىزنى تاماققا چاقىرىپتۇ. بىز دادامنىڭ بىر تۇغقانلىرى، تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ ئوتتۇز نەچچە ئادەم ئۇ يەرگە باردۇق. بىز شۇنداق جەمەتلىك ئىدۇق، ئۇلارنىڭ قورۇ-جايمۇ بىزنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. ئىككى قەۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا سېلىنغان ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي ھەممىمىزنى ئېسىل بېزەكلىرى، گۈزەللىكى بىلەن قارشى ئالغاندەك چاقناپ تۇراتتى.

ئۇلار ئاياللارنى يەرگە گىلەم، كارىۋاتقا زىلچا ۋە پارقىراق تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان چوڭ بىر ئايۋانغا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. ئۇلار مېنى كۆرەلمەيتتى، چۈنكى مەن بوگۈن بەكلا ئورنىپ كىيىنىۋالغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىلىرىمنىڭ مەن دىمەتلىك قىزلىرىدىن ئىككى - ئۈچى بار بولغاچقا، ئۇلار زادى قايسىسىنىڭ «كېلىن»ى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. بومۇ بوۋامنىڭ پىلانى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، چۈنكى بوۋام بىر ئىشلارنى بەك ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەرەپتىكى قابىلىيىتىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى.

ئاۋۋال چاي تارتىلدى، 40 نەچچە ياشلاردىكى ئايغى يېنىك بىر چوكان گۈل چىقىرىپ ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈۋاتاتتى. چاي تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭلارنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرى باشلىنىپ، پاراڭلىششقا باشلىدى. بىز جىممىدە ئولتۇردۇق. مېنىڭ كۆزۈممۇ تېز - تېز ھەرىكەتلىنىپ «كىمنىدۇر» ئىزدەۋاتاتتى. تاماقلار تارتىلىپ بولۇپ، دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا «ئۇھ» دېدىم. بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدىم.

بىردەم - يېرىمدەم پۈت - قوللىرىمىزنى سوزۇۋالايلى دەپ، كالتە دۈئا قىلىپ قويۇپ كەتتۇق.

بايىقى چاي تۈتقان گۈل سۈپەت چوكان بىزنى باغنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. باغقا ماڭىدىغان تال باراڭلىق ئاستىدىكى كارىۋاتتا بىر نەۋقىران يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىدىم، قارىدىم - يۇ، كۆزۈمنى دەرھال ئەپقاچتىم. يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى، قويۇق قاپقارا چاچلىق، قوشۇما قاش، كۆزلىرى يوغان، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت مېنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي ماڭدىم. ئۇ بەلكىم مېنى يەنىلا پەرق ئېتەلمىدى. بوۋامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم ۋە ئىچىمدە كۈلۈپ تاشلىدىم، ئۇ پەقەت يەر تېگىدىن قاراپلا قالدى.

ئاخىر توي بولدى، قارشى تۇرۇپمۇ كەتمىدىم. ھامىنى بولىدىغان ئىش، يەنە كېلىپ ھېلىقى نۇرلۇق كۆزلەر ھېلىھەم يۈرىكىمدە. ھايا ۋە ھۆرمەت ئىچىدە شېرىن كۈنلىرىمىز باشلاندى. بۇ شېرىنلىك ئۇدا ئۈچ بالىمىز بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. نىكاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھەقىقەتەن ئىشەندىم. ئەمما، بۇ كۈنلەردە تارتىمىغان جاپالىرىم قالمىدى. تۇغۇت ئازابى، بالا بېقىشنىڭ ئۇششاق جاپالىرى، تۈرلۈك قائىدە - يوسۇنلار، كېلىنلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىش دېگەندەك ئىشلار مېنى ھالسىزلاندۇراتتى. بالىلارنىڭ ياش پەرقى كىچىك بولۇپ، چوڭى بالام 13 ياش، كىچىكى توققۇز ياش ئىدى.

بۇ جەرياندا ماڭا ئەڭ كۆيۈنگىنى يەنىلا ئېرىم ئابدۇقادىر بولدى (ئۇ دادام بىلەن ئىسىمداش ئىدى). مىجەزىم يوق كۈنلىرى ئۇ ئۆيدىكىلەرگە چاندۇرماستىن بالىنىڭ سۈيدۈك لاتىلىرىنى يۇيۇشۇپ، بالىنى بېقىشىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردىكى مېھرىبانلىقى يۈرىكىمنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا

بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى پەيدا قىلغانىدى. بىراۋ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوتقا كىر دېسىمۇ كىرىشكە رازى ئىدىم. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭدا سەل ـ پەل بىنورماللىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. چۆچۈيدىغان، بەزىدە كېچە سائەت 1 ــ 2 لەردە كېلىدىغان، ماڭا ئانچە گەپ قىلمايدىغان، ئەمما تۇرۇپلا ئادەتتىكىگە ئوخشاشمايدىغان پوزىتسىيەدە زىيادە كۆيۈنۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولساممۇ، ئانچە ئېرەن قىلمىدىم.

شۇ تەرزدە ئاخىر قارا بوران دېرىزىلەردىن ئۇشقىرتىپ كىرىپ ئارامىمنى بۇزدى.

ــ ئائىشە، سىز مېنىڭ بارلىقىم، ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن. ئەمما، كىچىككىنە بىر تەلىپىمگە ماقۇل بولۇڭ.

ــ سىز ئۇچۇن ئوتقا كىرىشكىمۇ رازىمەن، جېنىم، ــ دېدىممەن بەخىرامان ھالدا چاقچاق قىلىپ.

ئەمما، ئۇ ھودۇققان، تېڭىرقىغان ھالدا گاھ كۆزلىرىمگە قاراپ، گاھ كۆزىنى ئەپقېچىپ دېگەندەك غەلىتە قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى.

مەن بىر ئىشنى پەملەپ، چاقچاقنى توختاتتىم ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن:

ــ قېنى ئېيتىڭە، بېشىڭىزغا نېمە دەرد كەلدى ؟ــ دېدىم.

ــ مەن، مەن يەنە ئۆيلىنەي دېگەن...... ــ دېدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ.

بېشىمدىن بىر قاپاق مۇز سۈيى قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. كەينىمگە داراڭڭىدە ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم.

مۇنداقمۇ كۆڭۈلەرنىڭ بارلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن. «ئۇچ بالىنى تۇغۇپ بىر چىرايلىق بېقىۋاتىمەن، كۆڭلۈم ئەمدى مۇشۇنداق بەختلىك ئۆتىدۇ» دەپ قىياس قىلغانىكەنمەن. مۇنداقمۇ مۇدھىش كۆڭۈلەر كېلىدىكىنا ئىنسان بېشىغا؟

شۇ تاپتا يەر چۆرگۈلەۋاتامدۇ ياكى مەنمۇ؟ سىرىق بوران ئۇشقىرتىۋاتامدۇ ياكى قورقۇنچلۇق دىۋە ئاغزىنى ئېچىپ نەرە تارتىۋاتامدۇ ۋەياكى ئابدۇقادىر گەپ قىلىۋاتامدۇ؟ يارا ئېغىزىغا تۇز سەپكەندە پەيدا بولىدىغان بىر يېقىمسىز ئاغرىق چوقامدىن كىرىپ، يۈرىكىمدە توختاپ، يۈرىكىمنى غاجاشقا، ئېچىشتۇرۇشقا، ئاندىن قوچۇشقا باشلىدى. مەن ئاغرىۋاتقان يۈرىكىمنى قولۇمدا تۇتقىنىمچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغان ھالدا روھسىز سۆزلەشكە باشلىدىم:

— ئۇچ بالىنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۇچ بالىنى بېقىۋېرىمىز، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— سىز ئۆيلەنسىڭىز، ماڭا ئەمەس، باشقا بىرىگە ئۆيلىنەرسىز ھەقىچان؟ ئاجرىششقا توغرا كېلەر؟

— سىز توغرا چۈشىنىڭ، مەن يوشۇرۇنچە توقال ئالماقچىمەن، ھېچكىمگە دېمەيمىز، پەقەت ئائىلە بويىچە بىلىپ قالساقلا بولىدۇ.

ئۇ ئۆزگىرىپتۇ. ئۇ مېنىڭ روھىي تۈۋرۈكۈم، ئاق ئاتلىق شاھزادەم ئىدى. ئۇ ئۆزگىرىپتۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئەمدى ماڭا مەنسۇپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ كۆرەش قىلىشىم كېرەك ئىدى.

— ئۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىسامچۇ؟ — دېدىممەن غەزىپىمنى بېسىۋالغان ھالدا.

— ئەگەر قوشۇلمىسىڭىز ئاجرىشىپ كېتىمەن. ئۇچ بالىنى ئۆزىڭىز باقىسىز شۇ، — دېدى ئۇ خىيالىغا كەلمىگەندەك.

مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتكەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم:

«ئۇ شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ شەيتان دېگەن ئادەمنى ھەر قىسما قىلىپ قويىدىكىنا؟» دەپ ئويلىدىم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

ــ مەن قورقۇپ قالامدىم؟ ئاجرىشىدىغان بولساڭ ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن،ــ دېدىممەن مىجەز ـ خاراكتېرىمگە يات يوسۇندا بىردىنلا سەكرەپ ئورنۇمدىن قوپۇپ. مەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم، پەقەت ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم.

ــ ئۆلسەڭ ئۆل، سەن قورقمساڭ مەن قورقۇپ قالامتىم. ئەمما، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆلۈپ بەرمەي، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆل! ــ دېدى ئۇ ھۆركىرەپ.

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. قېنى مېنىڭ ئۇن نەچچە يىللىق ئەقىدەم؟ قېنى ئۈچ بالىنى تۇغىمەن دەپ گۆر ئاغزىدىن يېنىپ كەلگىنىم؟ قېنى مېنىڭ جەبىر ـ جاپالىرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى؟ مەن ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتكەنمىدىم؟

بىردىنلا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. كۆچلۈك بىر ھەسرەت دەۋرەپ كېلىپ يۈرىكىمنى پارتلىتىۋېتەيلا دەپ قالدى. بۇ ئەسەبىي دەۋرەش بىردىنلا پارتلىدى. مەن قاتتىق ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدىم، بىراق ئۇ قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

ــ قاراپ تۇر، سېنى ئادەم بولغىنىڭغا تۇيغۇزمىسام ھېساب ئەمەس،ــ دېدىممەن غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيىمىزدە جېدەل قۇرۇمىدى. ئۇ ئەمدى ئىككى ـ ئۈچ كۈنلەپ ئۆيگە كەلمەيدىغان، مېنىڭمۇ ياشلىرىم قۇرۇمايدىغان بولدى. روھىم قاراڭغۇلۇققا بەند قىلىنغانىدى. ئۆزىمنىڭ تەلتۆكۈس ئۇنتۇپ كېتىلگەنلىكىنى، قەدىر ـ قىممىتىمنىڭ پايخان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بېشىغا كەلمىگەنلەر

بىلمەيدۇ. بۇنداق چاغدىكى دەرد ـ ئەلەملەرگە ھېسداش بولالايدىغانلارنى تاپماق تولىمۇ تەس.

بۇ ئىشلارنى قېيىنئانام بىلگەن چېغى، بىر كۈنى مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا كىرىپتۇ:

— بالام، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز بەندە، ئامال يوق. ئابدۇقادىرنى مەن بىلىمەن، ئۇ بەك جاھىل، گەپ يېمەيدۇ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ. بۇ تەرىپى دادىسىنى تارتقان. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇڭ. ئۈچ بالىنى تىرىك يېتىملار كوچىسىدا سەرسان قىلماڭ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا يۈزلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

قېيىنئانام تولىمۇ بىلىملىك، ئەمما باغرى تاش ئايال ئىدى. ئۇنى بۇنداق ياش تۆكەر دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. قارىغاندا ئۇمۇ ئابدۇقادىرغا گەپ يېگۈزەلمىگەن ئوخشايدۇ.

مەن قېيىنئاتامنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاخىرقى ئۈمىدىمنى ئۇنىڭغا باغلىدىم. پەرىزىمچە، ئۇ بىلسە ھەرگىز يول قويمايتتى. شۇڭا، مەن ئەتىلا بۇ ئىشنى قېيىنئاتامغا دېيىش قارارىغا كەلدىم.

باللىرىم بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى، ئابدۇقادىر بولسا نەگىدۇر يوقالغانىدى. شۇ كېچە كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار بولدى. يۈرىكىمنى چاشقان غاجىلاۋاتقاندەك بىر يېقىمسىز سېزىم جېنىمنى خورىتاتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئۇستىخانلىرىم سىرقىراپ، بەللىرىم تېلىپ كەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاستا شىپىرلاپ تالاغا چىقتىم. ھىلال ئاي سۇس نۇرىنى زېمىنغا سەپمەكتە، يۇلتۇزلار خىرە چاقنىماقتا ئىدى. كۆزلىرىمگە ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتاتتى.

ئەي يۇلتۇزلار! كىچىك چاغلىرىمدىكى سىرداشلىرىم

سىلەرغۇ-ھە؟ كىچىك چېغىمدا خىيالىمدا سىلەرنى دائىم ئۇزۇپ ئوينايتتىم. قوللىرىمنى سوزسام ماڭا كۆز قىسىپ، تېخىمۇ چاقناپ، ماڭا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلاتتىڭلار. شۇ تاپتا نېمىشقا قاپقىڭلارنى تۈرۈۋالىسىلەر؟ نېمىشقا يەنە خۇش چىراي ئاچمايسىلەر؟......

بىردىنلا يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى، چۈنكى بىر ئاقار يۇلتۇز ساقىپ چۈشكەنىدى. مەن دىرىغۇللۇق ئىچىدە تىترەشكە باشلىدىم. قاتتىق بىر يىغا يۈرىكىمگە كەپلىشىپ، قاپساپ كېلىۋاتاتتى. بىرۋاقلار بولغاندا يۈزۈمگە چاڭگىدە تەگكەن بىر شاپىلاقتىن چۆچۈپ كەتتىم.

— ھۇ ساراڭ، كىرە ئۆيگە، سەتلەشمەي!

ئالدىمدا ئابدۇقادىر غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى. شۇنداق قورقۇپ كەتتىم.

مەن دەرھال ئۆزۈمنى ئەپقېچىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ ئارقامدىن كىرىپلا مېنى تارتقۇچلاپ، چېچىمنى قامالىدى.

— ۋايداد!

جىمى ئاغرىقنىڭ ھەممىسى چاچتا ئوخشايدۇ. بىردىنلا ھالسىزلىنىپ كەتتىم. جېنىمنىڭ بارىچە چىرقىراپ، ئۆزۈمنى ھەريان ئەپقاچقان بولسامۇ، ئۇ بىر قولىدا چېچىمنى سىقىمداپ، يەنە بىر قولىدا بىلىكىمنى يالماۋۇزدەك قامالىۋالغاچقا، پەقەتلا بوشىنالمىدىم. ئۇ ئەمدى خالىغانچە تېپىشكە، يۈزۈمگە مۇشت ئېتىشقا باشلىدى. شۇنداق قاتتىق بىر مۇشت كۆزۈمگە تېگىۋىدى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ھەتتا «ۋايجان» دېيىشكىمۇ مادارىم قالمىغانىدى.

بىردەم راسا ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ چېچىمنى سەل قويۇۋېتىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئۆلۈشۈپ قالغان بولساڭ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا

ئاپىراي، بولمىسا ساراڭدەك تالادا يىغلاپ يۈرمە. يىغلىغۇڭ بولسا مەن مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن ئەمەسمۇ، بىكاردىنلا يىغلامسەن، جىن ساراڭ!

پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. قورققىنىمدىن چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇ بىردىنلا چىچىمنى قويۇۋېتىپ، كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئايىغىنى سىلىشقا باشلىدى. مەن داق يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆزۈم، بېلىم، كاللام قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. مەن بۇ ئۆمرۈمدە تاياق ئازابىنىڭ، ئاغرىقنىڭ بۇنداق قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. شۇ تاپتا ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايۋاتاتتىم. مەن ھەتتا كارىۋاتقا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. داق يەردە ئولتۇرغىنىمچە ئۆكسۈپ يىغلىدىم. بىر كۆزۈم ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. تۈتۈپ باقتىم، بىردەمدە تۇخۇمدەك ئىششىپ كېتىپتۇ.

ئۇ كۆزۈمگە جان ئالغۇچى ئەزرائىلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «شۇنداق بىر قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسام ئىدىم، ئۇنى قىيما-چىيما......» بىردىنلا شاققىدە توختاپ قالدىم. ئاخىرىنى دېيىشكە تىلىم بارمىدى. ئېغىر ھالسىزلىنىپ، ئۆگە-ئۆگىلىرىمگىچە ئاغرىپ كەتكەن تېنىمنى سۆرەپ ئاستا ئىشىكتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. ئەمما «قارا!» دېگەن بىر سېزىم مېنى ئارقامغا قاراتتى: ئاھ، نېمىنى كۆرەي! بىچارە باللىرىم ئۇن - تىنسىز، كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايى قورقۇنچ دەستىدىن تاتارغان ھالەتتە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ تەن ئاغرىقىم، دىل ئاغرىقىم ئۇياقتا قېلىپ، باللىرىمغا ئىچىم ئاغرىپ، يەنە كەينىمگە ياندىم......

«نېمىشقا ئۇردۇ؟»

بۇ سوئالنى قويۇش تولىمۇ ئارتۇقچە ئىدى. شۇنچىلىك تىۋۋا قىلىپ كەتتىمكى، ئىرىمدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلار سەۋدالىق، ئەسەبىيلىكتە قان ئىچەر جاللاتلاردىنمۇ ئۆتە رەھىمسىزلىشىپ كېتىدىكەن.

ئەمما، مېنى قورقۇتالمايدۇ. ئۇخلاپ چۈشى! يوشۇرۇن توقال ئالغىنىنى مەن بىر كۆرەي!

ئورنۇمدىن تۇرالايدىغاندەك ئەمەس. مۇشۇنداق ئاغرىسا، بۈگۈن كېچە چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ئاۋۇ لەنىتىنى مۇرادىغا يەتكۈزمەيمەن. ئايال ئالۋاستىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇرادىغا يەتكۈزمەيمەن. تىرىك بولسام بۇ دۇنيادا، ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ دۇنيادا ئۇ ئالۋاستىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىمەن. بايا ئاۋۇ مەلئۇن مېنىڭكىنى يۇلغاندەك، زار قاقشىتىپ تۇرۇپ چاچلىرىنى يۇلىمەن......

— بالام، مېنى يۆلەڭ، — نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان چوڭ ئوغلۇمغا قولۇمنى سوزدۇم. ئۇ ئاللىبۇرۇن يوتقانغا كىرىپ، تامغا قاراپ يېتىۋالغان دادىسىغا قورقۇمسىراپ قارىغىنىچە ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. مەن قولۇمنى ئوغلۇمغا سوزدۇم. ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، مەڭگۈلۈك تايانچىم، مەندىن مەڭگۈ يۈز ئۆرۈمەيدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك نىجاتكارىم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ كېچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. جېنىم ئۆزىنى تازا كۆرسىتىپ قويدى. جان دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ ئاغرىقنى جانمىدۇ ياكى بۇرۇنقى راھەتلەنگىنى جانمىدۇ؟ شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتساممۇ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يېتىۋالغىنى زادى كىمدۇ؟! مەن ئىرىمنىڭ يات ئادەم ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم......

ئاخىر تاڭ ئاتتى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. شۇنداق قوزغىلىشىمغا ئۇستىخانلىرىم چىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى. بىر كۆزۈم ئېچىلمىدى. يۈزۈمنىڭ بىر تەرىپى تۇلۇمدەك ئىششىپ كېتىپتۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز-كۆزۈمنى مىڭ تەستە يۇدۇم.

ئاھ، ئانا! تايانچىم، مەدەتكارىم، بىقۇۋۇل، ياۋاش ئانا! يۈرەك پارەڭنىڭ مۇشۇنداق خارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلسەڭ چىدارسەنمۇ؟ پۇشايمان ياشلىرىڭنى تۆكەرسەنمۇ؟ مېنىڭ ئوقۇش، ئۆز يولۇمنى تېپىش ئارزۇيۇمغا بىر ئامالىارنى قىلىپ شوتا قويۇپ بەرمىگىنىڭگە پۇشايمان قىلارسەنمۇ؟ مۇشۇنداق ساۋاتسىز پۇلدارلارنىڭ سېسىق پۇلىنىڭ رەھىمسىز توزانلىرىدا پىلدىرلاپ ئۇچۇۋاتقان كۆز غازاڭلىرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالارسەنمۇ؟ شۇنداق بىر روھىي غەلىيانلار ئىسكەنجىسىدە يۈرىكىمنىڭ بىر تەرىپى ئانامنى ئاقلاۋاتاتتى: جېنىم ئانا، ئۆزۈڭنى ئەيىبلىمە! سەندە نېمە ئامال بار؟ دادام شۇنداق مۇتەئەسسىپ تۇرسا!

شۇنداق قىلىپ، ئۆيدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. يېنىك بىر شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلغاندەك قىلىۋىدى، يۈزۈم پىژ-پىژ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇدۇل ئانامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. شۇ يەرگە بارماي نەگىمۇ باراتتىم؟

ئۆيگە شۇنداق قەدەم بېسىپ كىرىۋىدىم، ئانام بۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ ئاللا - تۇۋا تۇۋلاپ پۈتۈن ھويلىنى بېشىغا كىيدى. قارىغاندا چىرايىم بەكلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاللا - تۇۋا، سوراقلىرىنىڭ داۋامىنى پەقەتلا بايان قىلغۇم يوق. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ ئاللا - تۇۋلارنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. ھەممىسى شەكلىۋازلىق، شەكلىۋازلىق بولمىغاندىمۇ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن

ئوقۇغان»لىق، سوغا تاشلىشىپ بولۇپ قۇتقۇزغانلىق......

ئۇلار مېنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ بىر مەزگىل داۋالاتقاندىن كېيىن، مېنى ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەتتى. مەن بۇ يەردە ئۇزاققىچە تۇردۇم. بىرەرسى كېتىڭمۇ دېمىدى، مەنمۇ كېتەي دېمىدىم. بالىلىرىم يوقلاپ تۇردى. تۇرمۇشتىن شۇ قەدەر رايىم يانغاندى، بالىلىرىمنى دېمىسەم ھازىرلا ئاجرىشىپ كېتەتتىم. ئەمما، بالىلىرىمنىڭ كېيىنكى تەربىيەلىنىشى، ئىستىقبالىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. شۇنداق خىياللارنى قىلىۋېرىپ، يېگەن تاياقلىرىممۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن، كېتىشنى ئويلىسام يەنىلا سىر باساتتى.

بىر كۈنى بالىلىرىم ئۆيگە كەلدى. گەپ ئارىلىقىدا مەن كىچىك ئوغلۇمنىڭ ئېغىزىدىن ئۆيگە ئايدەك چىرايلىق بىر «ئاچاش»نىڭ كەلگەنلىكىنى، ئابدۇقادىر بىلەن تاماق ئېتىشىپ يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىمدىن زەرداب ئاقتى. ئەجەبا، ئۇ مەن تۇتقان، مەن ئالغان جابدۇقلارنى تۇتقانمىدۇ؟ ئاشۇ نەرسىلەردە تاماق ئەتكەنمىدۇ؟ قېيىنئاتاملار كۆرمىگەنمىدۇ؟ قايسى يۈزى بىلەن ئۇ ئۆيگە قەدەم باسقاندۇ؟ ئىچىمدە كۈچلۈك بىر رەشك ئوتى يېنىشقا باشلىدى. قانداق قىلسام بولار؟ ئون يىللىق قان ـ تەرىم سىڭگەن ئۆيۈمنى شۇنداقلا تارتقۇزۇپ قويارمەنمۇ؟ بىردىنلا پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر باستى. قايتىپ كېتىپ «ئىستىھكام»نى مەھكەم ساقلاش قارارىغا كەلدىم. ئەمما، قانداق قايتىمەن؟ مەن كەلگەندىن بېرى ئېرىم، يا قېيىنئانام، يا قېيىنئاتام كېلىپ باقمىدى، يا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋال سورىمىدى. مەن سەۋەبىنى بىلەلمەي بەك دېلىغۇل بولدۇم.

ــ ئۆيگە قايتىپ كېتەيمىكىن، ــ دېدىم شۇ كۈنى كەچتە ئانامغا. ئانام بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە؟ نېمىشقا كېتىسەن؟ يا ئېشىڭ كەم بولۇپ قالدىمۇ؟ ئاشۇنداق چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ كارى بولمىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېتەمسەن؟ دوختۇرخانىدا تارتقان ئازابلىرىڭ يەتمىدىمۇ ساڭا؟

— بىلمەن، — دېدىمەن پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— بىلسەڭ نېمىشقا كېتىسەن؟ يەنە كېلىپ «ئۆزى كەتكەن يارەي، ئۆزى كەلگەن يارەي» بولۇپ بارامسەن؟ ھېچ بولمىسا بىرەرسى تىلەپ كەلسە، ئاندىن كەتمەمسەن؟ — ئانام ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ كەتتى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېمىسىمۇ ئانامنىڭ گېپى راست! ئۆزۈم بىر باردىمۇ، بولدى، قېيىنئانام بىلەن ئابدۇقادىرنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشىم پېشانەمگە تېگىپلا تۇرىدىغان چوماققا ئايلىنىدۇ. ئاخىر يەنە بالامنى ئويلىدىم. چوڭ ئوغلۇمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇ قايتىپ كەلگەندە بېشى بەكلا ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.

— دادام مومام بىلەن بوۋامغا سىزنى «يېرىم كېچىدە يولدا ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن تازا سالدىم» دەپتىكەن، ئۇلار: «ئوبدان قىپسەن، يېرىم كېچىدە تالا - تۈزدە يۈرگەن خوتۇن كىشىنى شۇنداق سالغۇلۇق، ئۇنى خوتۇنمۇ دېمىگۈلۈك» دەپتۇ. مومام شۇنداق دەپ بەردى. ئەڭ ياخشىسى، مومام بىلەن كۆرۈشۈپ باقساڭ بولغۇدەك ئانا.

بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. مۇنداقمۇ گەپلەر باركىنا تېخى؟! قېيىنئانام بىلەن قېيىنئاتامنى نېمىشقا مەن بىلەن كارى بولمايدىكىن دېسەم، ئەسلى ئۇ مەلئۇننىڭ رەزىللىكى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلغىنىنى

قارىمامــدىغان! مەن ئوغلۇمغــا بولغــان ئىــشنى تەپــسىلىي، چۈشىنىشلىك قىلىــپ سۆزلەپ بەردىــم ۋە مومىــسىغا ئېيتىــشنى تاپىلىــدىم. شــۇنداق قىلىــپ، بــالام ئارىــدا يــۈرۈپ، مومىــسىنى قايىــل قىلــدى. قانچىلىــك ئىــشەنگىنىنى خــۇدا بىلىــدۇ، ئەممــا ئابدۇقادىر ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ.

شــۇ يوســۇندا بىــر ـ ئىككــى ھەپــتە ئۆتــۈپ كەتتــى. بــۇ كــۈنلەردىكى ئــازابلىرىم قــار ـ شــىۋىرغانلىق ھــاۋادىكى جــان ئــاغرىقىنى ئەســلىتەتتى. ئۆيــدىن بــوران ھۇۇۇلــداپ تــۇراتتى. بۇرۇن بارغۇم كېلىپلا تۇرىدىغان بۇ ئالتۇن بۆشۈكۈم ماڭا سەت كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى.

بىــر كــۈنى قېيىنئانــام ئىــشكتىن كىرىــپ كەلــدى. مەن بەكمۇ خۇشال بولدۇم، خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. راستىنى ئېيتسام، قېيىنئانام ماڭا ئەزەلدىن بوگۈنكىدەك چىرايلىق كۆرۈنــۈپ باقمىغان ھەم بۇنداق يېقىملىق تۇيۇلۇپ باقمىغانىدى. ئەمما، قېيىنئانام ئەڭ ئېغىــر، ئــازابلىق تەلەپــتىن بىرنــى ئېلىــپ كەلگەنىــدى. ئابــدۇقادىر: «ئەگەر مېنىــڭ يوشــۇرۇن توقــال ئېلىــشىمغا قوشۇلــسا، ئانــدىن ئەكــېلىمەن ھەم ئاجراشــمايمەن، ئەگەر قوشۇلمــسا ئاجرىــشىپ كېتىمەن» دەپتــۇ. ئېغىــر ھالــسىراش ئىلكىــدە نۇرســىز كــۆزلىرىمنى قېيىنئانامغــا تىكتىم. قېيىنئانــام بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. تۇۋا، ئوتتۇرا مەكتەپــتە ئوقۇۋاتقــان چېغىمــدا مەريەم مۇئەللىمنىــڭ «ئايــاللار ئايــاللارنى خارلايــدۇ» نــاملىق بىــر كىتابىنىــڭ گېپىنــى قىلىــپ بەرگىنىــى شــۇنداق ئېسىمدە. شــۇ تاپتــا مۇنــۇ ئايالــدىن ئــۆتە ھېچقانــداق بىــر تــاش يــۈرەك ئايــال بولمىــسا كېــرەك، دەپ ئويلىدىــم ـ يۇ، ئەممــا مەن يەنىــلا ئۇنىڭــدىن رازى بولمىسام، ئۇنىڭغا يالۋۇرمىسام بولمايتتى......

ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردىم. بۇ ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە دېسەم، بوۋام ئۇلارنى قوللىدى. لېكىن، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئابدۇقادىرغا، ئۇنىڭ ساداقەتسىزلىكىگە بولغان چەكسىز نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ كېلىشكەن، ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس تۇرقىغا ھەربىر قارىغىنىمدا پەيدا بولىدىغان لەززەتلىك بىر شېرىنلىكتىن پەيدا بولغان ئوقچۇغان ئۆركەش تۇيغۇلىرىم زەھەر ـ يىرىڭغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز نەپرىتىمنى ئۈچ بالامغا بولغان مەسئۇلىيەت، مېھرىبانلىق تۇيغۇلىرىم بىلەن قوشۇپ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن جايلىرىغا كۆمۈۋەتتىم.

ئاڭلىسام، ئېرىم ئالماقچى بولغان قىز 28 ياشقا كىرگەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان قىز ئىكەن. مەن ئېرىم ۋە قېيىنئانامغا رازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. چىشىمنى چىشلەش، چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈش قارارىغا كەلدىم......

بىر كۈنى ئابدۇقادىر سالپىيىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قايتىپ كەلدى ۋە بالىلارغا قاراپمۇ قويماستىن، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. بۇرۇن ئۇ ئىشكتىن كىرگەن ھامان بالىلارنى يېۋەتكۈدەك نەزىرىدە سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا دەرد كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمنى زورلاپ، ئاستا يېنىغا بېرىپ:

— نېمە بولدىڭىز؟ سالپىيىپ كېتىپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئىللا ـ بىللا رازى بولۇپ كېتەي، سىز مېنىڭ بارلىقىم ھەم قۇتقۇزغۇچۇم. سىز مېنىڭ ئازابلىرىمنى تۆكىتىشكە يارالغان، شۇڭا ئازابىمنى يېنىكلىتىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان، چىرايىغا ھەسرەت يۈگۈرتكەن ھالدا. ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ چىرايلىق گەپ قىلىشقا ئۇستا ئىدى.

ــ نېمە قىلىپ بېرىمەن؟ــ دەپ سورىدىممەن ھەيران بولغان ھالدا.

ــ ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتسەم، ئۇلار سىزنىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاھ، نېمە دېگەن تەقدىرنىڭ بۇ قىسمەتلىرىگە! مۇنداقمۇ كەلگۈلۈك كەپتۇ ـ دە، ماڭا! بىر سوغۇق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. ئەمما، ئېرىم ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، تېخىمۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ھېلىقى قىز ئۈچۈن ئۆچ بالىدىنمۇ كېچىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن سەۋدالىقتا ئەقلىدىن ئازغانىدى.

توۋا، مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ ئاشۇنداق كۈچلۈك ئىشقى ـ پىراق پەيدا بولامدىغاندۇ؟ مېنىڭ پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئەمما، ئېرىمنىڭ شۇنچىلىك ئەسەبىي سەۋدالىقىغا قاراپ ئىشىنىپمۇ قالدىم. نېمە ئامال؟ تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مىڭ تەسلىكتە بۇ ئۆيگە ئاران كېلەلىگەن. پەرىزىمچە، ھازىر ئۇ شۇنداقلا دەپ قويۇۋاتىدۇ، ئەگەر قوشۇلمىسام، يەنە ئۆتكەنكى ئىشنى، شەرتلىرىنى يۈزۈمگە سېلىپ زورلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بەك تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمەن. ئىش تېخىمۇ يامىنىغا ئۆرۈلسە، ئاجرىشىپلا كېتىشىممۇ مۇمكىن، يەنە كېلىپ بۇنى قېيىنئانام ماڭا نەچچە قېتىم ئەسكەرتكەن: «ئەمدى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماڭ. مەن بۇ قېتىم باققان ئەجرىمنى، باللارنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئاران ماقۇل كەلتۈرۈپ، سىزنى ئەكەلدىم. ئەمدى ئىككىنچى قېتىم شۇنداق ئىش بولسا، مېنىڭ ئىللا ـ بىللا كارىم يوق......»

مەن يەنە ئامالسىز ماقۇل بولدۇم. غۇرۇرۇم، ئىززەت ـ

ئـابرۇيۇم، مـۇھەببىتىم ۋە كۈچلـۈك رەشـك ئـوتى تۇتاشـقان يۈرىكىمنى يەنە بىر قېتىم قەلبىمنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈۋېتىپ، ياش لىغىـرلاپ تۇرغـان كـۆزلىرىمگە، ھەسرەتلىك چىرايىمغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە داستىخان يـۆگەپ ئەلچىلىكـكە بـاردىم. ئېـرىم دېـگەن پولـۇ يـۈز مىنـى ئەكېلىپ، كىرىدىغان ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

قەدەملىرىم خۇددى تـاش ئېسىپ قويغانـدەك ئېغىـر ھەم كالانپاي ئىـدى. تاپىنىمـدا دەسـسەۋاتىمەنمۇ يـاكى يۈزۈمـدىمۇ، ئىـشقىلىپ، ئېيتقۇسـىز بىـر ئـاغرىق ئۆزۈممـۇ بىلمەيـدىغان بىـر ئەزايىمدا زىڭىلداپ، جېنىمنى ئاغرىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكـۇم، — دەپ ئىـشىكتىن كىـردىمەن چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ، مۇلايىملىق بىلەن.

— ۋەئەلەيكـۇم ئەسـسالام، يـۇقىرى ئۆتـسلە خېـنىم، — دېدى 60 نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، يـۈزلىرىنى قورۇق باسقان بىر موماي.

بىز سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن، چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتۇق. چاينىمۇ ئىچىش تەسكە توختىـدى، خـۇددى زەھەر ئىچىۋاتقانـدەك تۇيغـۇدا بولـدۇم. ئەممـا، ئەدەپ يۈزىـسىدىن بولسىمۇ ئۇ چاينى ئىچمىسەم بولمايتتى. ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنىڭ زۇلمى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىۋاتقان بىگۇناھ مەھبۇستەك ئاستا ـ ئاستا ئىچتىم......

مەن كېلىش مۇددىئايىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ مىشلداپ يىغلىۋىدى، تەسەللى بەرگۈممۇ كەلمىدى. ئەسلىي تەسەللىگە موھتاج ئادەم مەن، يۈرىكىم شۇ تاپتا قان يىغلاۋاتىدۇ. مەن ئۇ ئايالدىن زۇۋان چىققۇچە ئۇنىڭ ئۆيىگە سەپسالدىم. ئاددىيلا ياسالغان، كونىراپ كەتكەن ئۆي جاھازلىرى قويۇلغان بۇ ئۆي ئۆلارنىڭ نـامرات بىـر ئـائىلە ئىكەنلىكـدىن دېـرەك بېرىـپ

تۇراتتى. شۇ تاپتا خۇددى سۇرلۇك، ئادەمسىز چۆلدە مۇردىغا ئايلانغان ئۈچ ئەرۋاھ بوراندا ئىرغاڭلاۋاتقاندەك، بىر - بىرىمىزگە شۇ قەدەر روھسىز، شۇ قەدەر مېھرسىز قاراشماقتا ئىدۇق.

— بۇ قىزىم دادىسىدىن كىچىك قالغان، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ مېنى خىيالدىن سەگىتىپ، — يالغۇز باقمەن دەپ كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. ساتارغا ساتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ ئۇنى تاقاشقۇچە ئوقۇتتۇم، ئەمما ئۇ ئىشقا ئورۇنلىشالمىدى. كۈندە خىزمەت ئىزدەيمەن دەپ چىقىپ كېتەتتى، ئاخىر تېپىپتۇ مانا «خىزمەتنى». بۇ بالام دادا مېھرىگە بەكلا موھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە نامراتچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، كىرئوغۇل بالا ئازراقلا ئىلتىپات قىلىپ قويسا ئېرىپ كەتكەن گەپ، — دېدى ئۇ مىشىلداپ يىغلىغاچ. مەن بۇ ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان داپ يۈز قېرىنىڭ تەپ تارتماستىن «كىرئوغۇل» دەۋاتقانلىقىدىن ئىچىم قاتتىق ئاچچىق بولدى. ئەزەلدىن چوڭلارنى بۇنداق تىللاپ باقمىغانىدىم. ئەمما، بۈگۈن ئىچىمدە شۇنداق تىللىدىم. مېنى مۇشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئېرىم دېگەن مەلئۇنغا مىڭ لەنەتلەر ئوقۇدۇم. ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى، بىراق ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە نېمە ۋەجدىن كەلگەنلىكىمنى ئويلاپ، يەنە چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇ ئايالغا تەسەللى بەردىم.

توغرا، چىدىشىم كېرەك، چوڭ نىشانىمغا يېتىش ئۈچۈن كىچىك ئۇۋالچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك.

— بولدى، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، مەن قىزلىرىنىڭ بېشىنى ئوبدان سىلايمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا. بۇ گەپنى دەۋاتقان ۋاقتىمدا پۈتۈن بەدىنىم غايەت زور يالقۇندا پاراسلاپ كۆيۈۋاتقاندەك قىزىرىپ، بەدەنلىرىم تىترەپ كەتتى. ئۇ چىرايىمغا قاراپ

خاتىرجەم بولغانىدەك، بېشىنى لىڭشىتتى، ئارقىدىن قىزنىنى پەس ئاۋازدا: «دىلنار» دەپ چاقىرىدى.

«ھە، ئىسمى دىلناركەن ـ دە» دېدىم ئىچىمدە.

ئالاھازەل بەش مىنۇتلاردىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق، زىلۋا، يۈزلىرى ئاپپاق، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، چىلان رەڭ بويالغان ئۇزۇن چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان پەرى سۈپەت بىر قىز كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. ئۇ بېشىغا ياغلىق ئارتمىغانىدى. كۆز نۇرلىرىمىز ئۇچرىشىپ، كېسىشمە نۇقتىسىدا شۇنداق بىر ئۇچقۇن پەيدا بولدى. بۇ ئۇچقۇن مېنىڭ ئېگىمدا «كۆنداشلىق ئوتى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ چاغدا مۇنۇ مىسرالار ئازاب يالتىرىغان ھەۋەسلىرىمنىڭ پايانلىرىدا ئەكس ئەتتى:

تىنىقىمدا دېگىز شاۋقۇنى،
ۋۇجۇدۇمدا تاتلىق بىر ئازاب.
سەۋدالىقىم قاپقارا قۇيۇن،
ئىچكەن كەبى بىر جام شاكىراپ.

قارا كۆزى سېھىرلىك جادۇ،
سۇمبۇل چېچى زەھەرلىك يىلان.
ئېگىز بويى كۆرۈنەر ئازغان،
ئاھ، شۇمدۇ كۆنداشلىق دېگەن؟
......

دەقىقە ئارىلىقىدىكى ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن، كۆزلىرىمىز ھەر يانغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۆزۈمگە ھاي بېرىپلا تۇراتتىم. ئۇنىڭ بۇ پەرى سۈپەت تۇرقى مېنى تەگسىز ھاڭ يېنىغا كېلىپ

قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مەن يۈرىكىمنى گويا يوغان بىر قورام تاش بېسىۋالغاندەك، ئۇنىڭ ئاشۇ جادۇ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر شەمشەرگە ئايلىنىپ، يۈرىكىمنى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتكەندەك پۇچىلىنىپ كەتتىم. ئىرىمنىڭ نېمىشقا ئازغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولۇپ، ئېغىر تۇيغۇلار ئىلكىدە ئارامسىزلىنىپ ئولتۇردۇم، ئەمما قىلچە چاندۇرۇشقا بولمايتتى.

چۈشمنى چىشلەپ تۇرۇپ مەن كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. ئۇ قىزمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. بۇنچە تېز ماقۇل بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كېيىن ئۇقتۇم، ئەسلىدە بۇرۇنلا كېلىشىپ بولۇنغان ئىش ئىكەن، مەن ئانىسىنىڭ تەلپى بويىچە پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا بېرىپتىمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەردىن يېنىپ كەلدىم. كېلىپلا ئۆيگە سەپسېلىشقا باشلىدىم. قىيالماسلىق، ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە قارىدىم. گويا بۇ ئۆيلەر بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مەنسۇپ بولمايدىغاندەك، مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەستەك تۇيۇلدى. ئانامنىڭ ئۆيگە بارساممۇ كەتكۈم كېلىپ، تېزلا يېنىپ كېلىدىغان ئۆيۈم ئەمدى ماڭا شۇنچىلىك سوغۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى.

كېلىپلا زىبۇ ـ زىننەتلىرىم ۋە پۇلغا يارىغۇدەك كونا ـ يېڭى قولقىلىرىمنى يىغىپ، چوڭ نەقىشلىك تويلۇق ساندۇقۇمغا سالدىم ـ دە، قۇلۇپ ئالماشتۇرۇپ، ئاچقۇچنى تىقىپ قويدۇم. خىيال سۈرۈۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن پۇلنى يىغىپ قويماي، ھەممىنى ئۆيگە ئىشلىتىۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك ئوتياش، گۆش پۇللىرىدىن قىسىپ، ھېلىقى ساندۇققا سېلىشقا باشلىدىم. مەن ئەسلى ئۇنداق ئايال ئەمەس ئىدىم، ئەمما ئېرىمنىڭ ھامان بىر كۈنى مېنى تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەنىدى.

ئىككىنى ئالغان ئادەم ئۇچنى ئالماي قويارمۇ؟ ئۇ چاغدا قېرىپ ئىشلىگۈدەك مادارىم قالمايدۇ. ئاتا ـ ئانامۇ ماڭا ئۆمۈرلۈك باقتۇەندە ئەمەس. ئۇچ بالام بىلەن ئۆزۈمنىڭ تىرىكچىلىكى قانداق ئۆتىدۇ؟ يا بىرەر كەسپىم بولمىسا! شۇڭا بۇنى ئويلاپ پۇل يىغمىسام بولمايدۇ، ھەممىسى ئائىلەم، باللىرىم ئۈچۈن بولغاندىكىن، ئىغىر گۇناھمۇ بولماس...... مەن ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرەتتىم. كېچىلىرى كىرىپك قاقماي يىغلاپ چىقاتتىم. داۋاملىق ئېرىمنىڭ ئىنسابىنى تىلەيتتىم. چاچلىرىمدىنمۇ ياش تۆكۈلەتتى. ئېرىم ئۆيگە كېچىلىرى كەلمەسلا بولغاندى، كۈندۈزى كېلەتتى، ئەمما مەن كۈندۈزى قىلچە چاندۇرمايتتىم.

شۇنچىلىك ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىمكى، بۇ ئىشلارنى سېزىپ قالغان قوشنىلار، دوستلىرىم ھەتتا قېيىنئانامۇ مېنىڭ قىلچە كۆنداشلىقىم كەلمىگەنلىكىگە ھەيرانۇھەس قېلىشىپ، ياقىسىنى چىشلەشتى، مېنى دۆت كۆرۈشتى. بەزىلىرى مېنى تازا ساز ئەمەس، گۆش كاللا ئوخشايدۇ دېيىشىپتۇ. مەن شۇنداق قىلمىسام، ئېرىمنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سەۋدالىقىدىن قورقمىسام بولمايتتى. مۇشۇ ئەسەبىيلىكى بىلەن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسام، مېنى تالاق قىلىۋېتىشتىن يانمايتتى. مەن نېمىلا كۈننى كۆرمەي، ئۈچ بالام تىرىك يېتىم بولاتتى......

مەن بۇلارنى تەكرار ـ تەكرار خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم، ھاي بېرەتتىم.

× × ×

قورقۇنچلۇق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۈگۈن ئېرىمنىڭ

يوشۇرۇن تويى بولدۇ. قىيىنئانامنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن ئېرىمنىڭ ھېلىقى قىزغا بىر بىنا ئۆي ئېلىپ بەرگەنلىكى، تويدىن كېيىنمۇ شۇ ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. يۈرىكىم لەختە ـ لەختە قان بولغان بولسىمۇ، قىلچە چاندۇرمىدىم. بىز تەرەپتىن تۆت ئادەم ئۇ تەرەپكە بېرىپ كىچىك كېلىننى يۆتكەپ كەلدى. توۋا، ئاۋۇ قىز تۇنجى تويىنىڭ مۇشۇنداق بىئەتىۋار ئۆتكۈزۈلۈشىدىن بىئارام بولمىغانمىدۇ؟ غۇرۇرى يول قويغانمىدۇ؟...... رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ قىز بىنا ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇلدى. قارىسام، قېيىنئانام ھاياجانلىنىپ، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قاپتۇ. يۈرەك پارىسىنىڭ «ياشىرىۋېلىشى»غا پۇرسەت كەلگەنلىكىدىن خۇش بولغان بولسا كېرەك.

تويدىن كېيىن ئېرىم بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە كەلسە، گويا قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كەلگەندەك، ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن چاي ئىچىپ، دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ كېتەتتى. ئەمما، مەن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن يىغىپ قويغان ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئالدىغا تىزىپ، ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن كۈتۈۋالدىم. بۇنداق ئىشلارنى كىتابلاردىن كۆرگەنىدىم. كىتابلاردا دېيىلىشىچە، شۇنداق قىلسا، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولارمىش، تولا جېدەل قىلسا، ئېرىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كېتەرمىش......

ئۇ دەسلەپ بىرەر ئايغىچە بۇ ئۆيگە كۈندۈزلا ئاندا ـ ساندا كېلىپ باللارنى كۆرۈپ كەتتى، كېيىنچە ئۇ بۇ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇرسا، بىنا ئۆيگە بېرىپ ئىككى كۈن تۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورىمىدىم، سوراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. بارا ـ بارا مەندە ئۇنىڭدىن تەلتۆكۈس ئايرىلىپ

قىلىشتىن قورقۇش ئەندىشىسى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇنى پەقەت كونا تونۇشۇمدەك، يا ۋاز كەچكىلى، يا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئۆي بېزىكىدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

دەسلەپ ئۇ بىنا ئۆيگە كەتكەندە، كېچىلىرى كۆنداشلىق ئوتىدا يېنىپ، قان - قان يىغلىغان بولسام، بارا - بارا بۇ يارىلىرىم ساقىيىپ، جاراھەت ئورنى ئاغرىققا چىداشلىق مۇستەھكەم قورغانغا ئايلانغاندى، ئېرىم ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، زەنجىرسىمان ئاشخانا ئاچقانىدى. ئۇنىڭ سودىسى شۇ قەدەر ياخشى ئىدىكى، پۇل دېگەننى غازاڭدەك تېپىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۆيگە بېرىدىغان پۇلىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. مېنىڭ پارچە - پۇرات پۇل يىغىۋاتقانلىقىمدىنمۇ قىلچە گۇمان قىلمايتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك، بەزى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق نەزىرىدە قاراشلىرىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئۈچ بالام ئۈچۈن تەكرار ئازابلارغا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. بىراق، بەزىدە يۈرەك ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پۇچىلىنىپ كېتەتتىم.

ئېرىمنىڭ بۇرۇندىن ئاشقازىنى ئاغرىيتتى. ھازىر تېخىمۇ ئەدەپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئىلگىرى دەملەپ بېرىدىغان ئاشقازان چايلىقىنى دەملەپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ بىنا ئۆيگە كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن كېلىپ بۇ گەپنى دېگەچكە، ئۆچلۈكۈم كېلىپ: «يوق، تۈگىگەن» دەپ دەملەپ بەرمىدىم. بىر قېتىم بولسىمۇ ئاچچىقىمنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىدىم. يۈرىكىم قېتىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئازراقمۇ ئىچىم ئاغرىمىدى. ئىلگىرى ئاشقازان چايلىقىنى دەملەپ بېرىپ بولۇپ، ئۇماچ ئېتىپ بېرەتتىم. بۈگۈن قەتئىي ئۇنداق قىلغۇم

كەلمىدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ باقسۇن دېدىم؛ مەن يۈرەك ئاغرىقى تارتقان بولسام، ئۇ ئاشقازان ئاغرىقىنى بولسىمۇ تارتىپ باقسۇن دېدىم. ئىشقىلىپ، ئاغرىق دېگەننىڭ قانداقلىقىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلدۇرماقچى بولدۇم. ئۇ ئاشقازىنىنى تۇتقان ھالدا ياستۇققا بېشىنى قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

شۇ تاپتا يۈرەك - باغرىم چۇۋۇلۇپ تارتىشىۋاتقاندەك يېقىمسىز بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى قاپسىۋالدى. شۇ خىل ھېسسىيات ئىسكەنجىسىدە تاڭنىڭ قانداق ئاتقانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن.

ئېرىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، چىرايىمغىمۇ قارىماستىن، چاپىنىنى ئۈششۈكتە ئارتقىنىچە چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىپ كەتتى. ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە تەلمۈرۈپ قارىدىم، خۇددى مۇشۇ كەتكەنچە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇ ماڭا بېشارەت بېرىۋاتاتتى. راستىنلا ئاشۇ كەتكەنچە بىر ھەپتە كەلمىدى.

بۇ بىر ھەپتىنى قانچىلىك ئازابتا ئۆتكۈزگەنلىكىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. قاتتىقلىق قىلغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. يەنە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇ گەپلىرىمنى ئېغىر ئالمىغاندەك قىلغان بىلەن، كۆڭلى نازۇككەن، ئىچىگە سالىدىكەن. بۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا، يېڭى توي قىلغان مەزگىلىدىكى ئۇنىڭ بىر ئىشى خىيالىمدىن كەچتى: بىر يەكشەنبە كۈنى دېھقان بازىرىغا ئوتياش ئالغىلى بارغانىدۇق. بۇ يەردىكى ئوتياش ئەرزان ھەم دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىيدىغان شۇبھىسىز، يېشىل ئوتياش ئىدى. شۇ قاتاردا 70 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى چىرايىنى قورۇق باسقان بىر موماي

ئالدىدىكى چىپتىغا باغلام ـ باغلام قىلىپ تىزىپ قويۇلغان يىپسىسۋېلەككە ئۇمىد بىلەن تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. بىر قارىماققا ئۇنىڭ يىپسىسۋېلىكى باشقىلارنىڭكىدىن كىچىك ھەم سولاشقانىدى. بەلكىم ئۇزى تېرىغان بولسا كېرەك. ئۇ بۇ يەردىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئوتياش ساتقۇچى ئىدى. «بۇ يىپسىسۋېلەكلەرنى كىممۇ ئالار» دەپ مومايغا ئىچ ئاغرىتقىنىمچە ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم ۋە نېرىسىدىكى سۇپەتلىك يىپسىسۋېـ ـلەكلەرنى تاللاشقا باشلىدىم. بىراق، ئېرىمنىڭ ئۇ مومايىنىڭ ئالدىدىكى يىپسىسۋېلەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن دەيسىز؟ مەن ھەيران بولۇپ:

— بۇنچىۋالا يىپسىسۋېلەكنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ مومايغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ:

— يىپسىسۋېلەك دېگەننى يەيدۇ، نېمە قىلاتتى؟ — دېدى ۋە 20 نەچچە كاللەك يىپسىسۋېلەكنى تاغارغا قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى. مەن ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمنى چەكچەيتكىنىمچە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇ ھېلىقى يىپسىسۋېلەكلەرنى ماشىنا كوزۇپىغا تاشلىدى ـ دە، ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ:

— كۆرمىدىڭىزمۇ ئۇ مومايىنىڭ بىچارىلىقىنى؟ ئۇ بۈگۈنكى ئۈمىدىنى ئاشۇ ئازغىنە يىپسىسۋېلىكىگە باغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ موماي ئاشۇ يىپسىسۋېلەكلەرنى ساتالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ مېنىڭچە ئۇ ساتالمايتتى. مەن پەقەت ساۋابلىق ئۈچۈنلا سېتىۋالدىم. يەپ بولالمىساق، قوشنىلارغا بەرسەك بولىدۇ، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا باشتىن ئايىغىچە قايتىدىن سەپسېلىپ قاراپ ھاياجانلانغىنىمدىن يىغا قاپسىغانىدى.

ئاخىر تاپتىم، مېڭەمدە ئەكس ئەتكىنى ئېرىمگە بولغان «مېھرىبانلىق» ئىكەن.

ئاھ، «مېھرىبانلىق!» نىجاتلىق يۇلتۇزۇم! مېنىڭ ئۈمىد چىرىغىم! بىردىنبىر چىقىش يولۇم! تىلىكىم، نىيىتىم......

پۇشايمانلىرىمنى ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيىدىمۇ، بىلمىدىم، ئۇ ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋىدى، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، چاپىنىنى قولىدىن ئالدىم، ئاجايىپ شوخلۇق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم. ئۇ چىرايىمغا قاراپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىگەندەك، كېكەچلىگەن ھالدا جاۋاب قايتۇردى ۋە ئۆرگە چىقىپ، قىپقىزىل چاقناپ تۇرغان يۇمشاق زىلچا ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

— باللار قېنى؟— دەپ سورىدى ئۇ ئۆي ئىچىگە سەپسالغاچ.

— چوڭ ئۆيدە، مەن ھازىرلا چاقىراي،— دېدىم ۋە كەشىمنى سۆقۇپلا پالاقلاپ يۈگۈردۈم.

ئۇ ئۆيدە قونۇپ قالدى. ئاجايىپ قىزغىنلىقىم، مېھرىبانلىقىم ئۇنىڭ بوگۈنكى كېتىش يولىنى تورىۋالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە باللارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈنلا كەپتىكەن. بۇنى قېيىنئانامغا دېگەن گەپلىرىدىن بىلىۋالغانىدىم.

سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن چىقتىم ۋە تونۇر بېشىدا تۇرغان چار سومكىغا كۆزۈم چۈشتى. قورقۇمسىرىغان ھالدا سومكىنى قولۇمغا ئېلىپ، سىيرىتمىسىنى ئاستا ئاچتىم. سومكىدا ئېرىمنىڭ كىر كىيىملىرى لىققىدە قاچىلاقلىق تۇراتتى. مەن ئىچىمدە شۇنداق رەللە بولغان بولسامۇ، ئەمما يەنىلا چىقىش يولۇمنى تېخىمۇ كېڭەيتىش تۈيغۇسىدا بولۇپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا سومكىنى ئايۋانغا ئەكىردىم - دە، ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، چوڭ قازاندا سۇ ئىسسىتىپ كىيىملەرنى يۇيۇشقا باشلىدىم.

ئىلگىرى كىرئالغۇغا سىلىپ يۈياتتىم، بۇ قېتىم قولۇم بىلەن يۇدۇم. مۇشۇنداق ئەجىرىم بىلەن ئىلگىرى قىلىپ قويغان گۇناھلىرىمنى يېنىكلىتىپ، ئېرىمنى قايتۇرۇۋالغۇم كەلدى. بۇ كىيىملەرنى چىڭ سىققۇم، توختىماي سىلىغۇم كېلەتتى. بۇ كىيىملەر گويا مېنىڭ بەختىمدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەگەر بۇ كىيىملەرنى كىرئالغۇغا سالسام، بەختىمنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەندەك بىر تۇيغۇ غەليان كۆتۈرۈپ، ماڭا كۈچ ـ مەدەت بېرىۋاتاتتى. بۇ بىر ھەپتە ۋاقىت مېنى ھەقىقەتەن ساراسىمىگە سالغانىدى. بۇ كىيىملەر خۇددى بىر پۇرسەت كەبى ماڭا ئۈمىد بېغىشلاۋاتاتتى.

تاڭ يورۇلەي يورۇدى. ئايۋان ـ ھويلىلار يورۇقلۇققا چىلاشتى. ئېرىم مېنىڭ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىمۇ ياكى قەستەن كۆرمەسكە سالدىمۇ، ماڭا تۈزۈك قارىماستىن چىقىپ كەتتى. بەدىنىم ئازراق بوشاشتى، ئۈمىد نۇرۇمنى بىر غۇۋالىق تۇسۇۋالغاندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىسىز بىر سادا قۇلىقىمغا پىچىرلىدى: «سەن مۇشۇ بىر قېتىملىق كىر يۇيۇش بىلەن ئېرىڭنى قايتۇرۇۋالماقچىمۇ؟ ئۇ چاغدا بەختىنىڭ قەدرى نەدە قالدۇ؟.......» تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەت كىرلەرنى تېز ـ تېز يۇيۇشقا مەدەت بېرىۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن قېينئانام يېيىۋەتكەن كىيىملەرنى كۆرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ.

— ئوبدان قىپسىز بالام، ئاۋۇ جىن توقال ھالىغا باقماي، بالامنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. بالام بەكرەك ۋاي دەپ سالغان ئوخشايدۇ، «بانكىغا ئايدا ئۈچ مىڭ كوي پۇل سېلىپ بېرىسىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ ئۇ قېچىر! يا تۇغالمىدى. ئوغلۇم قوشۇلمىسا، «تالاق قىلىڭ

ئەمىسە» دەپ قورقۇتۇپتۇ. نەدىكەن ئۇ بىكار تەلەپكە ئۆچ مىلىڭ كوي...... تېخى كىرلىرىنىمۇ يۇيۇپ بەرمەپتۇ. نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ــ دېدى ئۇ ماڭا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

ــ نېمە دەپتۇ؟ــ دەپ سورىدىم. گەرچە سورىغۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سوراپ قويدۇم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەمدىم؟ قوشۇن توپلىماقچى، ئۆزىگە بولىشىدىغانلاردىن مەنىۋى كۈچ ھاسىل قىلماقچى شۇ.......»

ــ «كىرىڭىزنى ئاۋۇ قېرى دەللىڭىزگە ئاپىرىپ يۇغۇزۇڭ، ئۇنى تېخىمۇ قېرىپ كەتمىسۇن دەپ ئاۋايلاۋاتامسىز يا؟» دەپ يۇيۇپ بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ئەكەپتۇ. ئوبدان قىپسىز بالام، ئەرنىڭ دۇئاسىنى ئالغان خۇدانىڭ دۇئاسىنى ئالغان بىلەن ئوخشاش. ئەرنىڭ دۇئاسىنى ئالغان خوتۇن ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا ھەرە غوڭۇلداۋاتقاندەك يېقىمسىز تۇيۇلدى. بېشىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ كەتمىسىمۇ، يېرىمىدىن كۆپرەكى راست ئىدى، چۈنكى ئېرىم جىمى ئىشلىرىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە قېيىنئانامغا سۆزلەپ بېرەتتى. قېيىنئانامدىن تازا رازى بولۇپ كەتمىسەممۇ، ئەمما مىنى ئاجرىشىپ كېتىشتىن قوغداپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ تۇراتتىم.

ئەتىسى قېيىنئانامنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە جىمى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جەم بولۇش چېيىغا داخىل بولدۇق. مەن توي قىلىپ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بۇيان بۇ چاي زادى ئۆزۈلۈپ قالمىغانىدى. ئاۋۋال ھەممەيلەن يىغىلىپ تاماق يەيتتۇق، ئاندىن مۆتىۋەرلەر نۆۋەت بويىچە سۆز قىلىپ،

ياشلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۈششاق بالىلار تۇرماق، مۈشۈكمۇ تىۋىش چىقارماي كۆزىنى پارقىرىتىپ، جىمجىت ئولتۇراتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئەمما تارقىلىشقا ئاز قالغاندا چاتاق چىقتى. بۇ چايغا ھېلىقى توقال دىلنارمۇ كەلگەن بولۇپ، ئانچىكىم سالاملىشىپ قويغانىدىم. ئۇمۇ تېزلا يېنىمدىن كەتكەنىدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا كىچىك بالام ئۇنىڭ چېپىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ھېيلىگەرلىك قىلىپ، تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا بالامنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، ھېيلىگەرلىكىنى ئېچىۋەتكۈم بولسىمۇ، ئەمما سالاھىيىتىمنى، ئاخىرقى نىشانىمنى ئويلاپ جىم ئولتۇرغانىدىم. ئۆرۈلگەن چاي قىزىق بولغاچقا، ئۇنىڭ پاقالچىقىنى كۆيدۈرگەن بولسا كېرەك، ئۇ «ۋايجان» دەپلا بالىنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە «تۇرە نېرى، هارىمى!» دەپ تىل سالدى. ئۇ جىددىي، تەييارلىقسىز ھالەتتە تىلىنى باشقۇرالماي، ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارا قىلىۋەتكەنىدى.

بالام يىغلاپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا چىدىيالماي:

— ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ، كىم هارىمكەن؟ — دېدىم ئاچچىقىمنى باسالماي.

— هە، نېمە چالۋاقايسەن، قېرى دەللە؟ ئۆزۈڭ بولغان سەن دەللە مەن بىلەن قېرىشىپ قالغىلى، بۈگۈن تىللىۋالدىڭ ـ هە؟ — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

مەن ھەيران قالدىم، كىمنىڭ كىمنى تىللىۋالغانلىقىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن بۇ ئايالغا غەزەپ ئىچىدە تىكىلدىم، ئەمما يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئاخىرقى نىشانىم مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەتراپتىكىلەر، ھەتتا قېيىنئاناممۇ ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار بۇ كەمگىچە

مېنىڭ بۇنچىلىك ئاشكارا ئاچچىقلانغىنىمنى كۆرمىگەچكە، ھاڭ ـ تاڭ قېلىشقانىدى.

دەل شۇ پەيتتە كۆچلۈك سەزگۈم، ئەقلىم تىلىمغا بۇيرۇق قىلدى:

ــ خاپا بولماڭ، دىلنارخان! ئۆزۈمنى تۇتالماي قاپتىمەن. كىچىك بالىنىڭ كەينىگە كىرمەيلى، قېنى قەيىرىڭىز كۆيدى؟ يۈرۈڭ، دورا سۈرەيلى، ــ دېدىممەن چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ، چايدىن تارقىدۇق. ماشىنىمىز يەتتە كىشىلىك بولۇپ، ئازادە پاتاتتۇق. ئېرىم ئاۋۋال بىزنى، ئاندىن دىلنارنى ئاپىرىپ قويماقچى ئىدى، ئەمما قېيىنئانام قوشۇلمىدى. ئېرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قانچىلىك ۋاپادار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بۈگۈنكى بۇ ئىشتىن قېيىنئانامنىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. شۇنداقلا يەنە بىر ئۈمىد چىرىغىنىڭ يېنىمدا ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇغاندەك بولدۇم. ئەسلىدە ئىلگىرى قېيىنئانام توقال ئېلىش ئىشىدا ئامالسىز قىياپەتكە كىرىۋالغانىكەن. ئۈچ ملىڭ كوينىڭ گېپى چىقمىغان بولسا ئىدى، بەلكىم قېيىنئانام مۇشۇنداق پەرۋاسىز ئۆتەتتىكەن. مەن شۇنداق پەرەز قىلدىم. ئەمما، ئىنسانغا تىنمىدىم. ئېرىم شۇ تۇرغانچە بەش كۈن ئۆيدە تۇردى. ھەپتە ئاخىرى بىنا ئۆيگە بېرىپ باقماقچى بولغانىدى، مەن كۆنداشلىقىمنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يەنە بىر قېتىم دەپنە قىلىۋېتىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

ــ ھە، بېرىپ كېلىڭ، دىلنارخان قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ دەپ مەنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم، ــ دېدىم ھاياتىمدىكى مىسلىسىز ياسالمىلىق بىلەن. بۇنى ياسالمىلىق ئەمەس دېسە،

ئىنسان تۇرماق، مۈشۈكمۇ ئىشەنمەيتتى. ئىرىممۇ قىيىنئانامغا ئىيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلاپ، ئاستا كىتىپ قالدى.

ئۇ بىر كۈن تۇرۇپلا، ئەتىسى قاپىقىنى سالغىنىچە قايتىپ كەلدى. مەنمۇ گەپ سورىمىدىم. قىنىق چاي دەملەپ، ئالدىغا مەزەلەرنى تىزدىم. ئۇ چاي ئىچىپ بولۇپ، چوڭ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشقىلىپ، ئىرىمنىڭ بىشىنى قاتۇرۇۋەتكۈدەك بىرەر ئىش بولغانلىقى ئىنىق ئىدى.

«نىمە ئىش بولسا، ھىلى قىيىنئانامدىن ئۇقىمەنغۇ» دەپ ئويلىدىم. نىمىلا دىگەنبىلەن نەۋرىلىرىنىڭ ئوتىمۇ، ئىشقىلىپ، مىنى خىلى ئۆز كۆرۈپ، ئائىلىدە بولغان گەپ-سۆزلەرنى دەپ تۇراتتى.

پەرىزىم توغرا چىقتى. دىلنار بۇ قىتىم خىلىلا چىڭ تۇرغان ئوخشايدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىرىمنى ھەددى - ھىسابسىز پۇلى بار دەپ ئويلاپ قالغانىكەن. ئۇ توي قىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا تايىنىپ ئىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالغان. ئۇ ئەسلىدە ئازراق ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتسەم كۆپ مىراسقا ئىگە بولىمەن، كىيىن قايتىدىن رەسمىي يوسۇندا خەت ئىلىپ توي قىلىمەن، توي قىلالمىسامىمۇ، ساۋابلىق ئىش قىلىمەن دەپ ئويلاپتىكەن. ئەمما، ئىرىم ئۇنىڭ كۈتكەن يىرىدىن چىقماپتۇ. ئانىسى بىلەن باللىرىنىڭ رايى ئۇنىڭ دىلنارغا بولغان ئوتىنى بىسىپ كىتىپتۇ. دىلنار چوڭلارنىڭ، ئەتراپتىكى «قۇشقاچ»لارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ كىيىنكى تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەپ، شۇڭا ئۇنى ئايدا ئۈچ مىڭ يۈەن بىرىشكە قىستاپتۇ. ئىرىم قوشۇلمىغاندىن كىيىن، ئىككى مىڭ يۈەن بولسىمۇ سىلىپ بىرىشنى ئىيتىپتۇ. ئەمما، ئىرىم قىيىنئانامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەنىلا ئۇنىماپتۇ.

دىلنار توي ئىشىدا ھەم ئىقتىساد ئىشىدا ھەققەتەن خاتالاشقانىدى. ئەسلىدە ئەر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تويدىن بۇرۇن ھەممە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋالسا ئاسانراق بولاتتى، بىراق ئۇ نادانلىق قىلغانىدى.

تۇۋا، ئەر كىشى دېگەن بىر قارىسا شۇنداق كۈچلۈك، بىر قارىسا شۇنداق ئاجىزكەن. تېخى بىر ئاي ئالدىدا ئېرىم شىر سۈپەت، ھەيۋەتلىك يۈرەتتى. ئەمدى قاراڭ ئۇنىڭ ھالىغا! «خوپ بولدى» دەيدىغان بۇ چىن ھېسسىياتلىرىم ئۈمىد چىرىغىمنى ئۆچۈرۈپ، نىشانىمغا پۇتلىكاشاڭ بولمىسا بولاتتى......

چاي دەملەپ، نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ، دۈملەپ قويغان پولۇغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويغىنىمچە، چوڭ ئۆيدە مۇڭدىشىۋاتقان قېيىنئانام بىلەن ئېرىمنى ۋە باغدا ئوت - چۆپ چاناۋاتقان قېيىنئاتامنى چاقىرىپ چىقتىم.

كۆڭلىرىمىز شۇ تەرىقىدە يا ئېچىلالماي، يا ئېتىلەلمەي لەپەڭشىۋاتقان ئىشىكتەك يېقىمسىز تەرزدە ئۆتۈۋاتاتتى.

«ياخشى گەپ ئىشىكتىن چىققۇچە يامان گەپ داۋان ئېشىپتۇ» دېگەندەك، دىلنارنىڭ ئانىسى سەل ساددا ئايال چېغى، بۇ گەپلەرنى قوشنىسىغا دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گەپ گەپكە قوشۇلۇپ، بىر ئېغىز گەپ ئىككى ئېغىزنى تۇغۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا خىلىلا زىددىيەت چۈشتى. قېيىنئانام زەردە بىلەن بۇ گەپلەرنى ئۇتتۇرلۇق ماڭا دەپ تۇراتتى. ئېرىم بولسا مېنىڭ خەۋىرىم بارلىقىدىن بىخەۋەر، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.

ئاخىر بولىدىغان ئىش بولدى. ئېرىم دىلنارنى تالاق قىپتۇ. چۆچۈرىدەك باللىرى ۋە مەندەك ساداقەتمەن

خوتۇننىڭ يۈزىمۇ ياندۇرالمىغان ئېرىمنىڭ رايىنى ئۇششاق گەپ - سۆز، ئايدا بېرىدىغان ئىككى مىڭ سوم پۇل ۋە قېينئانامنىڭ بۇيرۇقى ياندۇردى. ئىلگىرى شۇنچە كۆپ ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار توقال ئالماسلىق توغرىسىدا نۇرغۇن نەسىھەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ دىلنارغا بولغان ئاشىقى بىقارارلىقى ئالدىدا ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر ۋاراق قەغەز بىلەن توسقاندەكلا بىر ئىش بولغانىدى. بۇ قېتىم ئېرىم ئەسلىي ئوغۇل بالىدارچىلىقىغا ئېلىپ بىنا ئۆيىنى پۇتۇنلا بەرمەكچى بوپتىكەن، ئەمما قېينئانام: «قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرىنى بولسىمۇ ياندۇرۇپ كېلىسەن. قارا، ما چوڭ ئۆيۈڭدىكىنى، مودىدىن قالدى» دەپ بەرگىلى قويماپتۇ. ھەتتا دىلنارغا ئېلىپ بەرگەن 8000 يۈەنلىك موتوسىكلىتىنىمۇ تارتىۋاپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئازراق ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ھېلىقى نامرات ئايالنىڭ قىزنى تىرىكچىلىكىنىڭ ئۈمىد چىرىغى ھېسابلاپ دەۋاتقان نادانلىق پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان گەپلىرى يادىمغا كەلدى. دىلنارغا ئەمەس، ھېلىقى مومايغا ئىچىم ئاغرىدى. ئىشقىلىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىلكىدە قىينىلىۋاتاتتىم.

— بولدى قىلىڭ، ئۆي جاھازلىرى بىلەن موتوسىكلىتنى بېرىۋېتىڭ. مېنىڭمۇ ئۇ ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ھەرگىز ئىشلەتكۈم يوق، — دېدىمەن كۆڭلۈمدىكىنى قوشۇپ.

— مېنىڭمۇ بەرگۈم بار ئىدى، ئەمما ئانام ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى ئېرىم بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

ھەممە ئىش ئېرىم تەرەپتىكىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە

بولدى. شۇنداق قىلىپ، دىلنار ئىككى يىللىق ئۆمرىنى بىر بىنا ئۆيگە تېگىشكەن بولدى. «تۇل خوتۇن»لۇق نامىنى ئېلىپ، ھاياتلىق بورانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.

× × ×

«ئابدۇقادىرنىڭ ئاشخانىسىدا ھارام گۆش باركەن. ئۇ مەكرۇ بولغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئەرزانلا سېتىۋېلىپ، تاماق ئېتىپ ساتىدىكەن، مۇشۇنداق قىلىۋاتقىلى ئۈچ - تۆت يىل بوپتۇ.......»

مانا بۇ گەپ جاھانغا پۇر كېتىپ، ئاشخانىغا خېرىدار كەلمەپتۇ. ئاندا - ساندا سىرتتىن كەلگەنلەرنى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىم ئاشخانىغا كىرمەيدىغان بوپتۇ.

توۋا، ئىللا - بىللا! ئەزەلدىن پاك ئۆتكەن، ھەرقانداق ئىشتا ئىمانىنى شىپىي كەلتۈرۈپ ياشايدىغان بۇ ئائىلىگە بۇ گەپلەر قانداقمۇ ماس كەلسۇن؟ ئەمما، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ كىيىم بولسىغۇ «بولدىلا، ساختا بولسىمۇ، چىرايلىق تۇرغاندىكىن كىيىۋېرەي» دەپ كىيەتتى. يېمەكلىك دېمەك ــ ئادەمنىڭ ھاياتى، پاكلىق، غۇرۇرى دېگەن گەپ. شۇڭا، كۆڭۈلگە ئازراقلا شەك چۈشسە، ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشلىرى قەتئىي ئاقمايدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ ئاشخانىنىڭ ۋەقەسىدە تېخىمۇ ئىسپاتلاندى.

ئابدۇقادىرنىڭ بېشى چۈشۈپ، بۇ ئىشنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلدى. سودا - سانائەت ئىدارىسى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ھايۋانات گۆشىنى كارانتىن قىلىش ئىشخانىلىرىغىچە بېرىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار

تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئاشخانىمىزنىڭ تازىلىقتا ئۆلچەمگە يەتكەن، ئىشەنچلىك ئاشخانا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما، ئەلنىڭ ئاغزىنى بىسۇالغىلى، كۆڭلىدىكى شەك - شۈبھىنى چىقىرىۋەتكىلى بولامدۇ؟

ئابدۇقادىرنىڭ ئاكىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مۇخبىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئىشنى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئاقلاش بايانلىرىنى ئاڭلاتقان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن، ھېلىقى گەپنى تارقاتقۇچىنىڭ دىلنار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

ئابدۇقادىر ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغانىدى. ئۇمۇ ئاخىر ئۆچىنى ئاپتۇ. ئابدۇقادىر ئەرز قىلماقچى بولۇۋىدى، مەن قارشى تۇرۇپ توسۇپ قالدىم. نىمە پايدىسى؟ ئەر كىشى تۇرۇپ نامەردلىك قىلغاندىكىن، كونا قولقا، موتوسىكلىتنى تالاشقاندىكىن، ئۇنچىلىك جازاسىنى يەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ دىلنارغا ئىچ ئاغرىتقىنىم ئەمەس، نادان ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتقىنىممۇ ئەمەس، بەلكى يەنە يۈزىمىزنىڭ تېخىمۇ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، بۇ تەرىپى راستىنلا ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئىشقىلىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ تۇيغۇلاردا قىينىلىۋاتاتتىم.

شۇنداق گۇللىنىۋاتقان، پۇلنى سۇدەك ئاقتۇرۇپ، ئابدۇقادىرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىكىنى يوغىنىتىۋەتكەن ئاشخانا ئاخىرى تاقالدى. نەچچە ئەۋلاد ئاقتۇرۇپ كەلگەن ئاشخانىنىڭ «شانلىق تارىخى» ئابدۇقادىرنىڭ قولىدا تۇزۇپ كۆلگە ئايلانغانىدى......

ئابدۇقادىر بانكىدىكى بار پۇلغا ھېلىقى بىنانى تاۋار باھادا ئېلىپ تۈگەتكەنىكەن. نەچچە يىلدىن بۇيان تاپقان پۇللارنى بولسا، كۆڭۈل قويماي ئوينىپ يۈرۈپ، قۇدۇققا

چۈشۈرۈۋەتكەنىدى.

تۇۋا، ئۇنىڭ پۇلى تولىسىمۇ ئەجەب ياۋاشلاپ كېتىدىكەن دېسە؟! بۇ ئەر كىشىلەر نېمانداقتۇ؟ پۇل دېگەن ئەر كىشىنىڭ قانىتىكەن ئەمەسمۇ؟!...... ئۇنىڭ «تاماشا»سىنى بىرەر يىلدەك كۆردۈم. كېيىن ھېلىقى چاغدا «كېيىنلىكىم» ئۈچۈن يىغىپ قويغان ساندۇقتىكى پۇللىرىمنى ئابدۇقادىرغا بەردىم. راستىنى دېگەندە، ئائىلەم ۋە بالىلىرىم ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا بەردىم. ئېرىمنى دېسەم بىر تال يىڭنىمۇ بەرگۈم يوق ئىدى. ئۇنىڭغا دۇرۇس سودىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، روناق تېپىشنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدىم. ئۇ پۇلنى ئېلىپ ئىشكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايسى يولغا ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ چوڭ يولدا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭامدۇ ياكى چىغىر يوللاردا ماڭامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن، شۇنداقلا ئۇنى بىرەر يولغا باشلاشقا قۇربىممۇ يەتمەيدۇ. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى پەقەت ئۇنىڭغا چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت بېغىشلاش، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىش، ھەر ۋاقىت ئىنسابىنى تىلەش...... ئېھ، مۇرەببىم! شۇ بالىلىرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن دىلىڭىزدىن ئىمان، كۆڭلىڭىزدىن ئىنساب يوقىمىسۇن!

شۇ تاپتا ئەسلىمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىم، ئوقۇش ھاياتىم، مەريەم مۇئەللىم ۋە ئابدۇرەشىد مۇئەللىم خۇددى بىر پارچە چۇغلۇق گۈلدەك كۆزۈمنى چاقناتماقتا؛ قايتا ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ ئىللىق قوينى يۈرىكىمنى بىردە ئىللىتسا، بىردە ئەينى چاغدىكى بوشاڭلىقىمغا پۇشايمانلىق تىغى ئۇرماقتا ئىدى.

شۇ خىل تۇيغۇ ئىلكىدە چەكسىز كەتكەن بىر يېشىل

دالاغا چىقىپ قالدىم. دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېگىز بىنا
چوقچىيىپ تۇراتتى. بىنا ئەتراپىدا نۇرغۇن باللار ئويناۋاتاتتى.
ئۇلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر شادىمان ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىپ
قالدىم. بىر قولۇمدا كىتاب، يەنە بىر قولۇمدا قوڭغۇراق.
باللارنى ھە دەپ سىنىپقا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ قوڭغۇراق
چېلىۋاتاتتىم......

بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ دەپ قولۇمنى قاتتىق مورلاپ
باقتىم، بىراق ئاغرىغان - ئاغرىمىغانلىقىنى سېزەلمىدىم.

ئېلچان ئابخان

# بۇرچ

(ھېكايىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇرچ

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ سوغۇق ۋە تۇتۇق بولۇپ، سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە تىكەندەك سانجىلاتتى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان ياغقان قار كۈندۈزى ئېرىپ، كېچىسى مۇزلىغان بولغاچقا، يول ئەينەكتەك سىلىق ھەم تېيىلغاق ئىدى. بۈگۈن يەنە ئەتىگەندىلا قار يېغىشقا باشلىدى. نازىر ئاۋايلاپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۆت ياللۇغى بىلەن دوختۇرخانىدا ياتاقتا يېتىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئايالىنى يوقلاش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا قاراپ يول ئالغانىدى.

نازىر دوختۇرخانا قورۇسىغا كىرگەندە، بېشىغا كونا سەرپۇش تۇماق، ئۈچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، 70 ياشلار چامىسىدىكى ئاقساقال بىر ئادەم بالنىست بىناسىنىڭ ئالدىدا ئەتراپتىكىلەرگە ھە دەپ كايىماقتا ئىدى. ئېمىلا دېگەنبىلەن بوۋاينىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق ھەم راۋان ئىدى. بوۋاينىڭ قېشىدا ـــ بالنىست بىناسىنىڭ ئالدى ئىشىكى تۈۋىدىكى لاپاس ئاستىدا 26 — 27 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى رەڭگى ساپسېرىق، ئورۇقلاپ ئىسكىلىتتەك بولۇپ قالغان بىر يىگىت پۈتىنى ئەدىيالغا يۆگەپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە كىشى ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ يىگىتنى ئاپتوموبىل سوقۇۋېتىپ

بىر قولى پالەچ بولۇپ قالغانىكەن، شوپۇر ئىگە بولماپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى.

نازىر نېمىشقىدۇر قەدىمىنى سەل ئاستىلاتتى. بايىقى بوۋاينىڭ: «مەندەك بىر دېھقاننى بوزەك قىلغان مۇناپىق جاجىسىنى يېگەي، ئىلاھىم» دېگەن ئاۋازى نازىرنى ئۇ يەرگە بېرىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئاكا، نېمە بولدىلا؟ نېمە گەپلىرى بولسا، مانا ماڭا دېسىلە، — دېدى نازىر.

بوۋاي ناتونۇش ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى ۋە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئۇكام، سىلىگە بۇ گەپنى دېگەننىڭ پايدىسى يوق. بىر يىل بولدى بارمىغان يېرىم قالمىدى، ئەمما دەۋايىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى، ھازىر ياۋاشىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ، — دېدى.

— مانا مەن دەۋالىرىنى سورايمەن، نېمە گەپلىرى بولسا ئالدىرىماي سۆزلىسىلە.

بوۋاي دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار ئىچىدىكى ياللاكباش، گالستۇك تاقىۋالغان بىر يىگىت بوۋايغا قاراپ:

— ئاكا، گەپلىرى بولسا نازىرغا دېمەملا، دەۋالىرىنى سورايدىغان ئادەم ئالدىلىرىغا كەپتۇ، — دېدى.

— ئاكا، گەپلىرىنى نازىرغا دېسىلە، بۇنداق باشلىقنى ئىزدەپمۇ تاپالمايلا، ئەتىگەندە ئىشلىرى ئوڭ كەلدى، — دېيىشكىلى تۇردى ئەتراپتىكىلەر.

بوۋاي ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرىگە بىر - بىرلەپ قاراپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى - دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ جىمىپ

كەتتى. نازىر ئالدىغا يەنە بىر قەدەم ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىشىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— يىغلىمىسىلا، نېمە گەپلىرى بولسا مانا ماڭا دېسىلە، — دېگەنىدى، بوۋاي ئازراق ئۈمىدلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى-دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئىسمىم ھەسەن ئاخۇن. بىر يىل ئىلگىرى بالامنى ماشىنا سوقۇۋەتكەنىدى، شۇ چاغدا بالامنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا تەكشۈرتكۈزۈپ، سۆڭەكتە مەسىلە يوق، گۆشى ئاغرىپ كېتىپتۇ، ئوڭشىلىپ قالىدۇ، دەپ ئازراق دورا يېزىپ بېرىپ چىقىرىۋەتتى. ئوغلۇم بىر ئايغىچە ساقايمىدى، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا قايتا كىرسەم يەنىلا شۇ كونا گەپنى قىلدى، ياتاققىمۇ ئالمىدى. ۋەقە سادىر قىلغان شوپۇرنىڭ قېشىغا نۇرغۇن قېتىم باردىم، بىراق ئۇ ئىگە بولمىدى؛ ھەممىسى: «بالاڭنىڭ قولى ساق، مۇغەمبەرلىك قىلما» دېيىشتى، ھەتتا ھېلىقى شوپۇر: «بالىڭىزنىڭ قولىنى شۇ چاغدا تەكشۈرۈپ ساق دەپ يەكۈن چىقارغان، بۇ مەسىلە شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنىدى. بۇ يەرگە كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ. ھازىر سىز خىزمىتىمگە دەخلى قىلىۋاتىسىز......» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلدى. بالامنىڭ قولى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپارسام، ئۇلار كۆرۈپ: «ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھازىر بىز ئوپېراتسىيە قىلالمايمىز، ئەگەر پۇللىرى بولسا، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالاتسىلا» دېدى. مەن: «نەچچە پۇل كېتىدۇ؟» دېسەم، «20 — 30 مىڭ يۈەن كېتەر» دېيىشتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىم قايدى. بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى مەن نەدىنمۇ تاپاي؟ پۈتۈن ئۆي بىساتىمنى، يېرىمنى ساتساممۇ 20 مىڭ يۈەن پۇل قىلالمايتتىم، تولا يىغلاپ كۆزۈمدىن ياش

قۇرۇمىدى. ئاخىر ئۆيۈمدىكى ئۇلاغلارنى سېتىپ، ئۆتنە - يېرىم قىلىپ 10مىڭ يۈەن تەييارلاپ كەلگەنىدىم، بۇ يەردە 13 كۈن ياتتىم. دوختۇرلار بالامنى تەكشۈرۈپ: «زەخىم ئېغىركەن، بىرقانچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، كەم بولغاندا 20 مىڭ يۈەن تاپشۇرساڭ بولىدۇ» دېيىشتى. ئەكەلگەن پۇلۇم پۈتۈنلەي تۈگىدى. پۇلۇم بولمىغاچقا، ياتاقتا يېتىشمۇ مۇمكىن بولمىدى. مانا هازىر كېتىشنىڭ كىراسىغىمۇ پۇل يوق......

نازىر بوۋايدىن جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى:

— دوختۇرلار بالىنىڭ قولىدىكى زەخىمنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا ئىسپات يېزىپ بەردىمۇ؟

— ئىسپات يېزىپ بېرەيلى دېگەنىدى، بىراق پۇل بولمىسا، ئۇ ئىسپاتنى ئالغاننىڭ نېمىگە پايدىسى بولار؟— دېدى بوۋاي.

—يۈرسىلە، بىز دوختۇرنى ئىزدەپ تاپايلى.

ھەسەن ئاكىنىڭ كاللىسىدىن «بۇ نازىرنىڭ گېپى ۋىلايەتكە قانچىلىك ئۆتەر؟» دېگەندەك خىياللار غىل - پاللا ئۆتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ نازىرغا ئەگىشىپ ماڭدى. سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئىشخانىدا كۆزئەينەك تاقىۋالغان سېمىز بىر كىشى خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. نازىر كىرىپلا: «ياخشىمۇسىز؟» دەپ مۇدىر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— مەن بىر ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلىپ كەلگەنىدىم مۇدىر، بۇ ئاغرىق جەنۇبىي شىنجاڭدىن بۇ دوختۇرخانىغا داۋالانغىلى كەلگەنىكەن، پۇلى يېتىشمەي، ياتاقتىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش قاتناش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، شۇڭلاشقا ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى سىلىدىن ئۇقۇپ باقايلى دېگەنىدۇق،— دېدى.

مۇدىر ھەسەن ئاكىغا بىر قاراپلا تونۇدى، چۈنكى ئۇ ھەسەن ئاكىنىڭ بالىسىنى ئوپېراتسىيە قىلماسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا دەرھال پۇل تاپشۇرۇشنى بىرقانچە قېتىم ئېيتقانىدى.

— ئۇ يىگىتنىڭ بىلەك نېرىپى زەخملەنگەن، شۇڭا بىلەك مۇسكۇلى كىچىكلەپ، قولى پالەچ بولغان. ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولسا، ئۈنۈمى ياخشى بولاتتى. بىراق، ۋاقىت ئۇزىرىپ كەتكەنسېرى ئوپېراتسىيە مۇرەككەپ بولىدۇ، ئاغرىقنى بىرقانچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

— مۇدىر، ئوپېراتسىيە چىقىمى ئۈچۈن قانچە پۇل كېتەر؟— دەپ سورىدى نازىر.

— ئەڭ ئاز بولغاندا 20 مىڭ يۈەن كېتىشى مۇمكىن. زادى قانچىلىك كېتىدىغانلىقىنى ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئەھۋالىغا قاراپ بىرنەرسە دەيمىز.

— بالىنىڭ تاشقى زەخمە تۈپەيلى مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىغا بىر ئىسپات يېزىپ بېرىشكە بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ،— مۇدىر شىرە ئۈستىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ، بىرسىگە تېلېفون قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېگىز بويلۇق بىر دوختۇر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا نازىر بىلەن كۆرۈشتى ـ دە: «ھوي! نازىر، ئۆزلىرى كېلىپ قاپلىغۇ؟» دېدى ۋە نازىرنى مۇدىرغا تونۇشتۇردى. مۇدىر باياتىندىن بېرى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ نازىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا چاققانلىق بىلەن تارتمىدىن بىر ئىستاكاننى ئېلىپ نازىرغا چاي قۇيدى، ئاندىن كىرگەن دوختۇرغا ھېلىقى ئاغرىق بالىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىسپات يېزىپ بېرىشنى ئېيتتى.

دوختۇرلار ئىسپات قەغىزىنى يېزىپ، بۆلۈمنىڭ تامغىسىنى باستۇرغاندىن كېيىن، نازىرغا بەردى. نازىر ھەسەن ئاكىنىڭ لەۋلىرىنىڭ چىشلىگەن پېتى يەنىلا چەكچىيىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا باردى:

— ئاكا، خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشلىرى چوقۇم ھەل بولىدۇ.

نازىر شۇنداق دېگەچ قويۇن يانچۇقىدىن يان تېلېفونىنى ئالدى:

— ھە باشقارما باشلىقمۇ؟ ياخشىمۇسىز......

ئۇ يان تېلېفوندا ھەسەن ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلدى. ھەسەن ئاكا نازىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئۈچۈن بۇنچىلىك گەپ قىلىۋاتقان كىشىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ بىر تېلېفون بىلەن مۇنداق تېز ھەل بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە نازىرنىڭ تېلېفونى تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنمەكتە ئىدى.

نازىر يان تېلېفونىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ:

— ئاكا، پۇلنى ئەۋەتىپ بەرسۇنمۇ ياكى ئۆزلىرى بارامدا؟— دېدى.

— ۋاي، پۇلنى بېرىدىغان ئىش بولسىلا ئۆزۈم باراي، بېشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ بارىمەن.

— ئاكا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىۋالسىلا، ئەگەر پۇل بەرگىلى ئۇنىمىسا، مېنىڭ يان تېلېفونىمغا تېلېفون ئۇرسىلا بولىدۇ.

نازىر شۇنداق دەپ، ئۆزىنىڭ يان تېلېفون نومۇرىنى بوۋايغا يېزىپ بەردى.

ھەسەن ئاكىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، گەپ - سۆزلىرى

قولاشمايتتى. ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، نازىرىنىڭ شەپقىتىگە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى......

ھەسەن ئاكا يۇرتىغا ماڭىدىغان ئاپتوبۇستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ھايات مۇساپىسىدىكى ۋەقەلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ھەسەن ئاكا ئايالى بىلەن 30 يىل ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئايالىدا ئۆپكە كېسەللىكى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ بىرقانچە بالىسى چۈشۈپ كەتكەن، بىر بالىسى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى بىلەن تۈگەپ كەتكەنىدى. ئۇ داۋالىتىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدىكى مۇشۇ ئوغلىنىلا قاتارغا قاتقانىدى. شۇڭا، بۇ ئوغلىنىڭمۇ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا تۇراخۇن دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئۇ بۇ بالىسىنى تولىمۇ ئارزۇلاپ، يېمەي يېگۈزۈپ، ئىچمەي ئىچكۈزۈپ،كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلدى. ئوغلى تۇراخۇن 19 ياشقا كىرگەندە ئانىسى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلدى، توينى قىلدى. ئوغلى ئىككى باللىق بولدى. ئوغلى ھەسەن ئاكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ كەلدى. ھەسەن ئاكىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەل ئاغرىقى كېسەللىكى قوزغىلىپ تۇرغاچقا، ئۇ بەزىدە ھەپتە ـ ھەپتە يېتىپمۇ قالاتتى. بىراق، ھەسەن ئاكا ئۆزىنىڭ تۇراخۇندەك ئوغلىنىڭ بارلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولاتتى، نەۋرىلىرىگە بەك ئامراق ئىدى، بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ ئۆز يېنىدا بولغانلىقىدىن سۆيۈنەتتى. لېكىن، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئوغلى ئېشەك ھارۋىسىغا لىق قوناق شېخى بېسىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، «شەرق شامىلى» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل ئۆزىنى ياندىكى بىر ئاپتوموبىلدىن قاچۇرىمەن دەپ

تۇراخـۇننى ھـارۋا بـىـلـەن بـىلـلـە سـوقـۇۋېتـىـپ، بالىنـىـڭ سـول مۈرىـسى يولىنـىـڭ قىرىغـا تىكلەنـگەن بېتـون تاختايغـا قـاتتىق ئۇرۇلغانـىـدى. شـۇنىڭدىن كېـيىن ئـۇ ئـوغلىنى دوختـۇر - تېۋىپلارغا كۆپ قېتىم كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۈنـۈمى بولمىـدى. ئاخىر باشقىلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن ئۆيدىكى بىرقـانچە قـوينى سـېتىـپ ۋە باشـقىلاردىن ئـۆتنە - يېـرىم قىلىـپ پـۇل راسلاپ، زور ئۈمىد بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى.

ھەسـەن ئاكـا يۇرتىغـا كېلىـپ ئەتىـسى ئەتىگەنـدىلا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالدىغا كەلدى ۋە باشـقىلاردىن سۈرۈشـتە قىلىـپ، باشـقارما باشـلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى تاپتى. باشقارما باشلىقى بىرقـانچە كىشى بىـلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. ھەسەن ئاكا كىرىپلا خەتنى باشقارما باشلىقىغا بەردى. باشقارما باشلىقى خەتنى ئوقۇغانـدىن كېـيىن، دوختـۇر يېزىـپ بەرگەن ئىسپات خەتنـى تەلەپ قىلـدى. ھەسـەن ئاكـا ئوغلىنىڭ كېسەللىك دىياگنوزى توغرىـسىدا يېزىلغـان ئىـسپات خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى. باشقارما باشـلىقى بـوۋاينى ئولتۇرۇشـقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، خەتنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى.

— سىلى بىر - ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، بـۇ ئىـشنى چوقـۇم ھەل قىلىمىـز، — دېـدى ئـۇ بوۋايغـا چـاي قۇيۇۋېتـىـپ، — مەن جامـائەت خەۋپـسىزلىكى ئىدارىـسىنىڭ باشـلىقى بىـلەن ئالاقىلىشىپ قوياي، سـىلى ئۆگۈنلۈككە شـۇ كىشىنى ئىزدىسىلە.

ھەسەن ئاكـا خۇشـاللىق بىـلەن خـاپىلىق، ئۈمىد بىـلەن ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنىڭ ئىسكەنجىـسىدە ئـۈچ كـېچە - كۈنـدۈزنى تەسـتە ئۆتكـۈزدى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ تـاڭ يورۇماستىنلا ئۆيـدىن چىقىـپ، ئـۇدۇل ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا باردى ۋە ئىزدەپ -

سوراپ يۈرۈپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى تاپتى. ئىدارە باشلىقى ھەسەن ئاكىنى كۆرۈپلا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا، قېنى كېلىپ ئولتۇرسىلا، بىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتۇق، تېز سۈرئەتتە ھېلىقى شوپۇرنى تېپىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىمىز. كۆپ رىيازەت چېكىپلا، بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىزگە مەلۇم قىلغان بولسىلا بوپتىكەن. بىز ھېلىھەم بۇ ئىشنى جىددىي تۇتىمىز. سىلى ئەتە كەلسىلە، — دېدى.

ھەسەن ئاكىنىڭ ئۈمىد شامى يورۇغاندەك بولدى. ئۇ تېزرەك ئۆرۈمچىگە مېڭىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ تۈننى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى ۋە سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

ھەسەن ئاكا ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشىدى، ئىدارە باشلىقى ھەسەن ئاكىغا قاراپ:

— سىلىگە ھازىرچە 10 مىڭ يۈەن ئېلىپ قويدۇق، سىلى بۇنى ئېلىپ كېتىۋەرسىلە، يەتمىسە بىز يەنە سىلىگە پۇل يەتكۈزۈپ بېرىمىز، — دېدى ـ دە، قول ئاستىدىكىلەرگە ھەسەن ئاكىنى بېكەتكە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى.

ھەسەن ئاكا 10 مىڭ يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ ساقىيىشىغا ئىشەنچ تۇغۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشتا يورۇنراق ساقچى تەرەپ بىلەن ئالاقىلەشمىگىنىدىن بەكلا ئەپسۇسلاندى ھەم ھېلىقى نازىرىنىڭ بۇ يولنى كۆرسەتكىنىدىن بەكلا مەمنۇن بولدى.

ھەسەن ئاكا ئۆرۈمچىگە بېرىپلا ئوغلىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە ئەتىسىلا پۇلنى دوختۇرخانىغا تاپشۇردى. ھەسەن ئاكىنىڭ ئوغلى بىرقانچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى، ياتاقتا 50 كۈن

ياتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ مەدرلىتالمىغان بارماقلىرى ئوپېراتسىيەدىن كېيىن كۆنىدىن - كۆنگە ياخشىلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان بولدى، بىلىكىمۇ سەمرىشكە، چوگىيىشقا باشلىدى......

دوختۇر بۆگۈن ھەسەن ئاكىنىڭ ئوغلىغا ياتاقتىن چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەسەن ئاكا تولىمۇ خۇشال ئىدى، دوختۇرنىڭ «ھېسابات ئىشلىرى بىلەن سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشقا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى-دە، ئۇلارغا قانداق رەھمەت ئېيتىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى.

ئاتا-بالا ئىككىيلەن سەھەردىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار ياتاقتىن چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا نازىر ياتاققا كىرىپ كەلدى. ھەسەن ئاكا خۇشال بولۇپ، نازىرغا قاراپ:

— ئۇكام، ناھايىتى ئوبدان چاغدا كىردىڭلە، بۆگۈن بىز ياتاقتىن چىقماقچى ئىدۇق، مەن ياتاق رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولۇپ، ئوغلۇم بىلەن سىلىنى ئىزدەپ بارماقچى ئىدىم.

— ياخشى تۇردىلىمۇ ئاكا! ئوغۇللىرى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىمۇ؟

— رەھمەت سىلىگە ئۇكام، سىلىنى ماڭا خىزىر ئۇچراشتۇردى. سىلىگە قانداق رەھمەت ئېيتساق بولا؟

— نازىر بوۋاينىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇ بوۋاينىڭ قاداق باسقان قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن:

— رەھمەت ئاكا، كۆڭۈللىرى تېگىل بولدى، — دېدى.

— سىلىنىڭ قىلغانلىرىغا نېمە دەپ...... — بوۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا

تولدى. بۇ ياش خۇشاللىق يېشى، رەھمەت يېشى ئىدى. نازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئاكا، سىلىنىڭ دەۋالىرىنى ھەل قىلىپ قويۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز. بۇ تالون سىلىنىڭ بالىغا كەتكەن داۋالىنىش پۇلىنىڭ تالونى، چىڭ ساقلىسىلا، داۋالىنىشقا جەمئىي 25 مىڭ 200 يۈەن پۇل كېتىپتۇ، بىز ھېسابلىشىپ قويدۇق. بۇ ھۆججەتنى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى.

ھەسەن ئاكا نازىرغا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ئۇكام، بىر گەپنى سوراي، مەن تۆلىگەن پۇل ئاز ئىدى، سىلە كۆپ تۆلىۋېتىپسىلەر، قالغان پۇلنى......

— ئاكا، بىز ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپ تۇرغاندۇق. سىلە تاپشۇرغان پۇل ئاللىبۇرۇن تۈگىگەن، قالغان پۇلنى ئۆتكەن ھەپتە ئەۋەتكەن، مەن ھېسابات ئۆتكۈزۈشكە ياردەملەشتىم، خالاس. خاتىرجەم بولسىلا، خەير - خوش، مەن ماڭاي.

نازىر ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ھەسەن ئاكا نازىرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى ۋە توختىماي: «رەھمەت بالام.......» دېگەن گەپنىلا قىلالىدى.

نازىر ھەسەن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ، سىرتقا قاراپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە ئۇنىڭ يان تېلېفونى يەنە سايرىدى. بۇ خىسلەتلىك نەرسىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ھەسەن ئاكىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. نازىرنىڭ كارىدوردا كېتىۋېتىپ سۆزلەۋاتقان ياڭراق ئاۋازى يان تېلېفونىنىڭ سايرىغان ئاۋازىدىنمۇ خىسلەتلىك تۇيۇلۇپ، ھەسەن ئاكىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

# زوكام دورىسى

مېنىڭ ئۆيۈم شەھەر ئەتراپىدا بولۇپ، كۈندە ئەتىگەندە بېكەت ئالدىغا كېلىپ ياماقچىلىق قىلاتتىم. تۈنۈگۈن كەچتە يامغۇردا قېلىپ سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، بۈگۈن ئەتىگەن بېشىم ئاغرىپ، ئاۋازىم پۈتۈپ قاپتۇ. مەن «باشقا جايلاردىن داڭلىق دوختۇر تەكلىپ قىلدۇق، داۋالاش سەۋىيەمىز يۇقىرى» دەپ كۈندە تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىۋاتقان مەلۇم دوختۇرخانىغا كىرىپ كېسەلىمنى كۆرسىتىپ باقماقچى بولدۇم. بۇ دوختۇرخانا پۇلدار بىر تىجارەتچى مەبلەغ چىقىرىپ ئاچقان شەخسىي دوختۇرخانا ئىكەن. مەن دوختۇرخانا ئالدىغا بېرىشىمغا 20 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق بىر سېستىرا قىزچاق ئالدىمغا چىقىپ:

— كېسەل كۆرسەتمەمسىز؟— دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم. بۇ قىزچاق مېنى 3- قەۋەتتىكى كۆزئەينەك تاقىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر دوختۇرنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

— نېمە بولدىڭىز؟— دەپ سورىدى دوختۇر.

— بېشىم، گېلىم ئاغرىيدۇ، پۇت - قولۇمدا مادار يوق.

دوختۇر بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىرقانچە ۋاراق قەغەزگە خەت يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھېلىقى قىزچاق ماڭا:

— قانىنى بىكارغا تەكشۈرۈپ قويىمىز، لېكىن باشقا

تەكشۈرۈشلەرگە پۇل تۆلەيلا، — دېدى.

— بۇنىڭغا نەچچە پۇل كېتىدۇ؟

— 80 يۈەن كېتىدۇ.

مەن چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، مېنىڭ يېنىمدا ئارانلا 30 يۈەن پۇل بار ئىدى.

— خانقىز، قانىنىلا تەكشۈرتەي، قالغان ئەزالىرىمنى كېيىنچە تەكشۈرتەمەن.

— ئاكا، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ھەممە تۈرنى تەكشۈرتسىلە، كېسەللىرى ئېنىقلانمىسا قانداق داۋالايدۇ؟

مەن باشقا ئەزالىرىمنى تەكشۈرتۈشكە ئۇنىماي، قانىنى تەكشۈرتۈپ، دوختۇرنىڭ قېشىغا كىردىم. دوختۇر قان تەكشۈرتۈش قەغىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆزىنى يوغان ئېچىپ:

— قاندا مەسىلە ئېغىركەن، نېمىشقا باشقا تەكشۈرۈشلەرنى قىلمىدىڭىز؟ — دېيۋىدى، مەن گەپ قىلغۇچە ھېلىقى قىزچاق ئۇنىمىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بولدى.

— دەرھال ياتاقتا يېتىڭ، بىرقانچە كۈن ئاسما ئوكۇل ئېسىپ داۋالىمساق بولمايدۇ.

— ياتاقتا ياتسام قانچە پۇل كېتىدۇ؟

— تۆت - بەش كۈن ياتسىڭىز ئالتە - يەتتە يۈز يۈەن كېتىدۇ، بۇ كۆپ ئەمەس.

مەندە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل بولسۇن؟ ئۆيۈمدىمۇ ئۇنچىۋالا پۇل يوق ئىدى.

— دوختۇر، مەن زۇكام بولۇپ قالدىم، ئازراق دورا يېزىپ بەرسىڭىزلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، مەندە باشقا كېسەل يوق.

— ئاكا، زۇكام دېگەننى كىچىك كېسەللىك دېگىلى

بولمايدۇ، بۇ كېسەلنى سەل چاغلىماڭ،— دېدى ھېلىقى قىزچاق.

نۇرغۇن تالاش - تارتىشتىن كېيىن، دوختۇر ئاخىر دورا يېزىپ بەردى. دورىگەر دورا ھەققى ئۈچۈن جەمئىي 380 يۈەن پۇل تۆلىشىمنى ئېيتتى.

— خۇدايا تووۋا! نېمىدېگەن قىممەت دورا بۇ،— دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ.

— ئاكا، سىلى ئەسلىي ياتاقتا ياتسىلا بولاتتى،— دېدى ھېلىقى قىزچاق. بىراق، ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ھېلىقى 380 يۈەن پۇل تۆلەش گېپى بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

— بۇ دورىنى ئالمايمەن، ئۆلۈپ كەتسەم ئۆلۈپ كېتەي!— دېدىم - دە، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

كېيىن بىلسەم، ھېلىقى قىزچاق دورا ئالماي چىقىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ماڭا قوپۇلغان نازارەتچى ئىكەن. مەن ئۇدۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كىردىم.

— ئاكا، كىرىپ قاپلىغۇ؟— دېدى مەسئۇل دوختۇر.

مەن ئەھۋالىمنى تەپسىلىي ئېيتتىم. ئۇ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قان بېسىمىمنى ئۆلچەپ، ئۆپكە ۋە يۈرىكىمنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن:

— ئاكا، چوڭ مەسىلە يوق، زۇكام بولۇپ قاپسىز، دورا يېزىپ بېرەي، دورا بىلەن بىرلىكتە كۆپرەك قايناق سۇ ئىچىپ بېرىڭ، سۇيۇق - سەلەڭ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاماق يەڭ،— دېدى. مەن ھېلىقى دوختۇرخانىدىن بەرگەن قان تەكشۈرتۈش قەغىزىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— بىر قىسىم شەخسىي دوختۇرخانىلارنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىشەنچسىز، ئۇلار پۇل تېپىشنىلا ئويلايدۇ،— دېدى

دوختۇر چۈشەندۈرۈپ.

مەن قېنىمنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتتۇدىم، نەتىجىدە قاندا مەسىلە يوق بولۇپ چىقتى. دوختۇر دورا يېزىلغان رېتسېپنى قولۇمغا بېرىۋېتىپ:

— مەن سىلىگە بىر خىللا دورا يېزىپ بەردىم. كۈندە ئىككى تالدىن ئۈچ ۋاق ئىچىپ بەرسىلە، ساقىيىپ كېتىلا، ئەنسىرىمىسىلە،— دېدى. مەن ئىككى يۈەن سەكسەن پۇڭ تۆلەپ دورىنى ئالدىم. ئۇ دورىنى قايناق سۇ بىلەن ئۈچ كۈنلا ئىچكەنىدىم، ساقىيىپ كەتتىم.



# ئوق تەگكەن خوراز

كوچا دوقمۇشىغا ئېچىلغان بۇ سامسىخانا پۈتۈن بازارغا تونۇشلۇق نامان توختىنىڭ ئىدى. ئۇ خوراز سوقۇشتۇرۇشقا ئامراق بولغاچقا، كىشلەر ئۇنى «نامان خوراز» دەپ ئاتىشاتتى. بىزنىڭ ئۆي بازارغا يېقىن ئىدى، شۇڭا بىكار بولسام «نامان خوراز»نىڭ سامسىخانىسىغا بېرىپ ئولتۇراتتىم. بەزىدە بىر ئولتۇرساق بىرنەچچە بوتۇلكىنى بىكار قىلاتتۇق.

بۈگۈن چۈشتە نامانىڭ ئىككى شوپۇر ئاغىنىسى بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. مەن سامسىخانىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىم، يۈزىنى رېڭى ئۆڭۈپ كەتكەن تور رومالدا توسۇۋالغان بىر ئايال ماڭا شەرەت قىلدى. مەن دەرھال ئايالنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ نامانىڭ قېينئانىسى ئالتۇنخان ئاچام ئىدى. ئۇ نامانىنى چاقىرىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن نامانىنى توۋلىۋىدىم، نامان سىرتقا چىقىپ قېينئانىسىنى كۆرۈپ هومايغىنىچە:

— نېمە گەپ؟— دېدى خۇددى كىچىك باللارغا گەپ قىلغاندەك.

— سىلە ئاغىنىسى بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى سىلىمۇ ئاڭلاپ قالسىلا.

— گەپلىرى بولسا ماڭا قىلماملا،— دېدى نامان زەردە بىلەن.

— نامانجان، قىزىمنىڭ خېتىگىنى ئال دەپ تاشلىۋەتكەنلىرىگە توٚت ئايدىن ئاشتى. بىچارە قىزىمنىڭ كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، شەھەرگە ئېلىپ كىرىشكە پۇل يوق، يېزا دوختۇرخانىسىدا ياتاقتا ئالدۇرغانىدىم، دوختۇرلار: «قورساقتا بەش ئايلىق بالا بار ئىكەن، بەدەنىدە قۇۋۋەت يوق، ئەھۋالى ئېغىر، بىز بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ داۋالاۋاتىمىز، يەنىلا ياخشىلانمايۋاتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى چوڭراق دوختۇرخانىغا يوٚتكەپ داۋالىتىڭلار» دەۋاتىدۇ...... مەن بىر تۇل خوتۇن، ئىككى بالا بىلەن قىزىمنى مۇشۇنداقلا تاشلىۋەتسىلە، ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمىسىلا.......

نامان ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك قاپىقىنى تۈرۈپ:

— قىزلىرىنى مەن كېسەل قىلىپ قويدۇممۇ؟ بالا كېسەل بولسا ئانىنىڭ داۋالىتىشى ھەقلىققۇ؟ — دېۋىدى، ئالتۇنخان ئاچامنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلدى. ئۇ غەزەپلىنىپ تىترەپ كەتتى.

— نېمە؟ بالا سىلىنىڭ تۇرسا، ئەجەبا ماڭا بالا، سىلىگە ھېچنېمە ئەمەسما؟

— سىلى زادى نېمە دېمەكچى؟ گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسىلا.

— مەن نېمە دەيتتىم، قىزىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن ھازىر پۇل كېرەك، سىلىنىڭ ھەم ئاياللىرى بولغانىدىن كېيىن، پۇل بەرسىلە داۋالىتىمەن. ئىككى بالىنى بېقىش ئۈچۈن قوساقتا نان كېرەك، ئۇچىسىغا كىيىم - كېچەك كېرەك. مېنىڭ گېپىم شۇ، — دېدى ئالتۇنخان ئاچام ئاچچىقى بىلەن.

— مەن قىزلىرىنىڭ خېتىنى بېرىمەن، سىلىگە بېرىدىغان پۇلۇم يوق.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، قىزىمنىڭ قوسىقىدىكى بالا سىلىنىڭ. خېتىنى بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ، بالا تۇغۇلۇپ بىرەر ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا بېرەلا؟

— ساقايغاندا داۋالىغان ھۆججىتىنى ئېلىپ كەلسىلە، پۇلنى شۇ چاغدا بېرىمەن، خېتىنىمۇ بېرىمەن.

— نامانجان، ئەجەبا مۇشۇمۇ بىر ئەر كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىققىدىغان گەپمۇ؟

نامان گەپ قىلماي، تاماكىسىنى كۆچەپ شوراۋاتاتتى.

— ئاداش، ئالتۇنخان ئاچامغا ئازراق پۇل بەرگىن، قىزىنى داۋالىتسۇن، ھەر ئىش بولسا قىزى ساقايغاندا دېيىشەرسىلەر.

— بۇنداق سالانى ئېشەك بازىرىغا بېرىپ قىل، ئاداش. مەندە ئۇلارغا بېرىدىغان پۇل يوق. ئۆتكەندە خەقلەرگە ئانداقچى تاز، مۇنداقچى تاز، قەلەندەر دەپ بىر تاغار تىللاپ بېرىپتۇ. مەندەك قەلەندەردە پۇل نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەمدى كۆزىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ پۇل دېگىنىنى قارا، نەگە بېرىپ ئەرز قىلسا قىلسۇن، — دېدى ـ دە، سامىسخانىغا كىرىپ كەتتى. ئالتۇنخان ئاچام قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى.

ئالتۇنخان ئاچا يىغلىغىنىچە ئارقىسىغا ياندى. ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ خىيالىم بۇندىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارغا كەتتى.

نامان ئىككىمىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، ياش قۇرامىمىزمۇ ئانچە پەرقلەنمەيتتى. نامانىنىڭ دادىسى ئىششىق كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۇ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئوغلىنى تاشلاپ، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن، دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ بىرەر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى باشقا ئەرگە تېگىپ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. نامان شۇنىڭدىن كېيىن قارا يېتىم

بولۇپ قالغان. ئۇ ماخودا يېتىپ، ئەترەتنىڭ قوينى بېقىپ كۈن كەچۈردى. بىزنىڭ يۇرتتا كۆپىنچە ئوغۇل باللار 17 — 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا ئۆيلىنەتتۇق. مەن ئۆيلىنىپ ئۈچ باللىغا دادا بولغاندا نامان تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ بېشى تاز بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنى «نامان تاز» دەپ ئاتىشاتتى. كېيىن يېزا دوختۇرلىرى ئۇنى داۋالاپ ساقايتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ لەقەم يەنىلا ساقلىنىپ قالدى.

نامان بېشى يوغان، بويى پاكار، دوغىلاق، دورداي كالپۇك، قاپىقى يامان، لېكىن ناھايىتى گەپچى ئىدى. ئۇ بىكار بولسىلا زاۋۇتنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىۋالاتتى. ئۇ يەردە تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىپ، تونۇرغا ئوتۇپ يېرىپ، پارچە - پۇرات نانلارنى تېپىپ يەيتتى. بەزى چاغلاردا ئۇستاملارغا ياردەملىشىپ نانمۇ ياقاتتى.

نامان 26 ياشقىمۇ كىرىپ قالدى، لېكىن تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. يۇرتتىكى چوڭلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، تۇل ئايال ئالتۇنخاننىڭ قىزى ئايىمنىسانى ئۇنىڭغا چېتىپ قويدى. ئۇ بىر ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن، بۇرۇن ئۆگەنگەن سامسىپەزلىك ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ جاھاندارچىلىق قىلاي دەپ بازارنىڭ مەركىزىدىكى كىچىككىنە بىكار يەرگە بىر دۇكان سالدى. ئۇنىڭ سامسىپەزلىك ھۈنىرى ئېقىپ، بىرقانچە يىلدىلا ناھايىتى بېيىپ كەتتى. ئۇ يېڭىدىن ئالتە ئېغىز ئۆي سالدى. ۋېلىسىپىتنى ياراتماي، 4000 يۈەنگە «بەخت» ماركىلىق موتوسىكلىت سېتىۋالدى. ئۇ سەمرىپ ئۈچ ئايلىق ھامىلىدار ئايالدەك قورساق سالغانىدى. ئۇنىڭ سامسىخانىسىدا 7 — 8 ئادەم ئىشلەيدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرى سامسىخانىغا ئادەم پاتماي قالىدۇ.

ئۇ بۇ ھۈنەردىن بوشانسىلا يېزا تەۋەسىدە قانداق يەردە

خوراز سوقۇشتۇرسا بارماي قالمايدۇ. ئەگەر خورىزى ئۇتتۇۋالسا ئاغزى بىسلماي ماختايدۇ، ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا شۇ كۈنلا خورىزىنى ساتىدۇ - دە، يەنە خوراز ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇ ئىككى قېتىم تۇرپاندىن خوراز ئەكەلدى. ئۇ خورازغا ھېرىسمەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «نامان تاز» دەپ ئاتىماستىن «نامان خوراز» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ بىيىپ، ھەممە ئادەم نامانجان، نامانجان دېگەچكە، ئايىمنىسانى سەت كۆرۈپ، شەھەرلىك گۈلىستان ئىسىملىك بىر چوكان بىلەن يۈرۈۋالدى...... بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نامان ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتىمش، لېكىن مەن سورىسام، كۆلۈپ قويۇپ، ئىقرار قىلمىدى:

بىر كۈنى پوچتىخانا ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ كەيپى شۇنچىلىك چاغ ئىدى.

— نامان، قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟

— نەدىن كېلەتتىم ئاداش، بىزنىڭ مارۇشانىڭ قېشىغا كىرگەنتىم، — دېدى - دە، ئاندىن يەنە مەغرۇر قىياپەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى.

— كونىلارنىڭ «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەن گېپى بار. سەھرادا تۇم تاۋاق قاسماق خوتۇن بىلەن ئۆمرۈم بىكار كەتمىسۇن، ئادەم ياش چاغدا ياشىۋالمىسا بولامدۇ. ئادەم مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرەمتى. پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى.

— نامان، سەن ئايىمنىسانى قويۇپ بېرەمسەن؟

— ئۇ خېتىنى ئالغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. بۇگۈن خېتىنى ئالسا، ئەتىسى مۇشۇنى ئەكېلىمەن، — دەپ پوچتىخانا تەرەپكە قاش ئاتتى.

— ئىككى بالاڭ تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ نادانلىق قىلما، بالىنىڭ يېتىمچىلىكى يامان.

ــ بالا دەپ قاپسەن، ئەخمەق، بالا دېگەن يىغلاپ ـ قاقشاپ چوڭ بولىدۇ، ــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، موتوسىكلىتنى تاتىلدىتىپ كېتىپ قالدى.

مەن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ سامىسخانىغا كىرسەم، نامان ئادەمگەرچىلىك توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانىكەن. «ئادەمگەرچىلىك دېسە خۇددى ھاتەمدەك سۆزلەيسەن. ئايالىڭ شۇنداق ئېغىر كېسەل تۇرۇپ......» خىيالىم ئۇ ھەقتە توختىماي پىچىرلايتتى. بىز شۇ ئولتۇرغانچە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن تارقالدۇق. نامان مەست بولۇپ قېلىپ دۇكىنىدا يېتىپ قالدى.

دەل چۈش ۋاقتى ئىدى، موتوسىكلىت كېلىپ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىمىزدا توختىدى. نامان كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم، دېگەندەك نامان ئىكەن.

ــ قارىمامسەن ئەخمەتجان، ــ دېدى ئۇ مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ــ قېيىشقاندەك ھېلىقى خورازنى بىر سويمەك ماناپولكا بىلەن ئېتىپ قويۇپتىكەن، ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ناھىيەلىك چارۋا مال دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارسام، داۋالاش چارىسى يوق، دېيىشتى. ئۆتكەندە سىلە ۋىلايەتلىك چارۋا مال دوختۇرخانىسىدا توخۇچىلىق جەھەتتە گېزىتتە بىرقانچە پارچە تەجرىبە تونۇشتۇرغان تاغام بار، دەۋاتاتتىڭلا، خورازنى شۇ يەرگە ئاچىقىپ باقسام، كۆرۈپ باقسا، بىز كۆزى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس......

بىز شەھەرگە كىرىپ ۋىلايەتلىك چارۋا مال دوختۇرخانىسىدىن تاغامنى تاپتۇق.

ــ ئۇكام، بۇ خورازنى ساقايتقىلى بولمايدۇ. ئوق زەربىسىدىن ئۇنىڭ كۆرۈش نېرۋىسى زەخىملىنىپ قارىغۇ بوپتۇ. يەنە كېلىپ، ئوقنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئېلىشمۇ بىر گەپ.

بىز تاغامغا بۇ خورازنى 1000 يۈەنگە ساتمىغانلىقىمىزنى ئېيتىۋىدۇق، تاغام بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەگەر مۇمكىن بولسا خورازنىڭ بېشىنى رېنتگېندە كۆرۈپ، زادى نەچچە تال ئوق بار بىلىپ بېقىپ ئاندىن ئېلىنۇەتسەك بولارمىكىن، — دېدى.

بىز تېببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىدىكى بىر تونۇشىمىزنى تېپىپ، خورازنىڭ باش قىسمىنى رېنتگېندە تەكشۈرتتۇق. رېنتگېن دوختۇرى رېنتگېن ئېكرانىنى كۆرستىپ، خورازنىڭ بېشىدا بىر تال ئوق بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دېگەندەك، خورازنىڭ باش قىسمىدا كۆممىقوناقتەك بىر قارا سايە كۆرۈندى. بىز تاغامغا كۆپ يالۋۇرۇۋىدۇق، تاغام بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ باقاي، خوراز ئۆلۈشمۇ مۇمكىن، ئۆلسە مەيلىمۇ؟ — دېدى.

— بوپتۇ، ئاۋۋال سىلى بىر ئوپېراتسىيە قىلىپ باقسىلا، — دېدى نامان زەئىپ ئاۋازدا. تاغام خورازنىڭ بېشىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بىر تال ئوقنى ئوڭۇشلۇق ئالدى. دوختۇر ئوقنى قىسىپ ئېلىشىغا خوراز بىر سىلكىنىپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. نامان خورىزىنىڭ لاسىدە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ بۇنداق چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى خورىزىغا بىلدۈرگەن ماتەم قايغۇسى بولۇشى مۇمكىن.

نامان شەھەرگە كېلىپلا مىچۈەنلىك بىر تۇڭگاندا خۇنەن خورىزىدىن ئىككىسى بار ئىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە بارماقچى بولدى.

— نامان، ئايالىڭنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، ھەر ئىش بولسا ئايالىڭنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغاندا بارمامسەن؟ —

دەپ نەسىھەت قىلدىم.

ــ ئايال دەپ قاپسەن ئاداش، جاھاندا خوتۇن كىشى ئازمۇ؟ مەن يا ئەزرائىلنى تۇتۇۋالالامتىم؟

ــ ئۇنىداق گەپ قىلما، ھېچبولمىغاندا قېيىنئاناڭغا ئازراق بولسىمۇ پۇل بەرسەڭ بولاتتى.

ــ مەن ھازىر پۇل بەرمەيمەن. قويۇپ بەرسەم ھەقچان پۇل تەلەپ قىلىدۇ، ھازىرلا بېرىۋالسام، ئۇ چاغدا مەن نېمىنى بېرىمەن.

ــ ئاداش، ئايالىڭنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق دەيدۇ. راستىنلا ساقايمىسا، سەن پۇلنى كىمگە بەرمەكچى؟

ئۇ زۇۋان سۈرمىدى.

نامان خورىزى ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆرۈمچىگە كەتتى. ئۇ ئۆرۈمچىگە كەتكەن كۈنى چۈشتە ئايالىنىڭ دوختۇرخانىدا قازا قىلغانلىق خەۋىرى تارقالدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىرقانچە ئاي بۇرۇنقى بىر ۋەقە كاللامدىن كەچتى.

نامان سوقۇشتۇرىدىغان خورازلارغا كۈندە بىر تۇخۇم ئىچۈرەتتى. مۇشۇ تەرىقىدە بىرقانچە ئاي ئايرىم باقاتتى، ھەتتا قىش ۋاقىتلىرىدا چاي قاينىتىپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئايالى زۇكام بولۇپ قېلىپ، ئۈنى پۈتۈپ قالغاچقا، باشقىلاردىن ئۈنى پۈتۈپ قالسا تۇخۇم پايدا قىلىدۇ، دەپ ئاڭلاپ، خورازغا ئىچۈرىدىغان ئىككى تۇخۇمنى ئىچىۋاپتىكەن، نامان بۇنى بىلىپ قېلىپ ئايالىنى تىللاپ، ئۇرۇپتۇ. مەن دەل ئۇرۇۋاتقاندا كىرىپ قاپتىمەن. بۇ چاغدا ئايىمنىسانىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئايال مېنى كۆرۈپ نومۇس كۈچىدىنمۇ ياكى ئەلەمدىنمۇ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋالنى ماڭا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بۇ بىچارە ئايالنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم گويا ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. نامان ئايالنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، توخۇسى ئۆلگەندە قايغۇرغانچىلىك قايغۇرۇپ كېتەرمۇ؟ ھەي، بىۋاپا دۇنيا......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئايخاننىڭ خۇشاللىقى

تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرى پۈتۈن كائىناتنى قىزىللىقا پۈركىگەن بولۇپ، ئۈزۈمزار ۋادىنى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. يول بويىدىكى قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەرۋايىتتەك ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر، يەرگە كەڭ قۇچاق يېيىپ ئۆسكەن ئەنجۈر شاخلىرىدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئەنجۈرلەر كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە تارتاتتى.

ئايخان ئاچا باغدىن ئېلىپ چىققان ئوت - خەسنى قويغا سېلىپ بېرىپ، ئەمدىلا ئارقىسىغا يېنىشىغا ھويلىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بويىنىغا دوختۇر سومكىسى ئاسقان بىر قىز بىلەن ھەربىيچە كىيىنگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئايخان ئاچا ئۇلارنى كۆرۈپ، قولىدىكى سېۋەتنى دەرھال ئوقۇر تۈۋىدە قويدى - دە، خۇشاللىق بىلەن:

— ماھىرە، ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ بالىچاقىلار تىشلىقمۇ قىزىم!؟ — دېگىنىچە ھېلىقى ھەربىيچە كىيىنگەن ئايال بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— ئايخان ئاچا، سىلى كۈندىن - كۈنگە ياشىرىپ كېتىپلا جۇمۇ؟ — دېدى ماھىرە كۆرۈشكەندىن كېيىن ئايخانغا چاقچاق قىلىپ، — كۆز تەگمىسۇن يەنە؟

— ھەرقايسىلىرىنىڭ دۆلىتى، ماھىرە، — دېدى ئايخان

خۇشاللىق بىلەن. ئايخان شۇ تاپتا تويغا جابدۇنغان ياش جۇۋانلاردەك ياسانغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چەچ رەڭ ئەنگىلىشىم كۆڭلەك، بېشىغا ئاق داكا رومال، ئۈستىدىن باستۇرۇپ تەتىللا دوپپا كىيىۋالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنى بىرقانچە ئاي ئىلگىرى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىنى كۆرسە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالاتتى. چۈنكى، ئۇ راستتىنلا كۈندىن-كۈنگە ياشىرىپ، باشقىچە سەمرىپ كەتكەنىدى.

× × ×

ئايخاننىڭ ئېرى 1970- يىلى دوختۇرخانىدا بىرقانچە ئاي يېتىپ، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭا، دوختۇرخانىنىڭ ئىسمى چىقسىلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلاتتى. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش (كۆرۈنەر)» دېگەندەك، يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ قورسىقى توساتتىن يوغىناپ قالدى. كېيىنچە يول يۈرسە ھاسىراپ، دېمى ئىچىگە چۈشمەيدىغان، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئايال قوشنىلىرىدىن بىرى ئايخاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقىغا قاراپ:

— ئايخان، يېقىندىن بۇيان بەك سەمرىپ كەتتىڭىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپتىن ئايخاننىڭ يۈزى ۋىلىلدە قىزاردى-دە، ئوڭايسىزلانغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— ئۆزۈممۇ قورسىقىمنىڭ يوغىناپ قالغانلىقىغا قاراپ، كىشىلەر نېمە دەپ قالغاندۇ، دەپ نومۇسۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئىسسىقتىمۇ چاپان كىيىۋالىمەن.

ئايخاننىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ چاپىنىنى قايرىپ كۆرۈپ، سەمىمىيلىك بىلەن:

— «كېسەلنى يوشۇرسا، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن گەپ بار. بىپەرۋالىق قىلماي دوختۇرخانىغا بارسىلا، كىشىلەر «ئاغرىمىغان دەردتىن قورق» دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ. كېسەلگە سەل قارىمىسىلا، — دېدى.

— خېلى سەۋەبلەرنىمۇ قىلىپ باقتىم. كەپتەر، خورازلارنى بوغۇزلاپ قانىمۇ ئىچتىم، پېرىخونلارغىمۇ خېلى مېلىم كەتتى.

— سىلى ئەخمەق بولۇپ قاپلا. داخان، پېرىخون دېگەنلەرنىڭ قېشىغىمۇ بارامدىكى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇللىرىنى ئېلىشنىڭ كويىدا ھەر نېمە دەيدۇ. ئۆتكەندە بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئۇمۇ سىلىگە ئوخشاش كېسەل بولۇپ قالغان مەزلۇم ئىدى. دوختۇرخانىغا بارسا قورسىقىدىن بەش كىلوگىرامدىن كۆپرەك سېرىق سۇ ئاپتۇ، ئىككى ئايغا يېقىن داۋالىنىپ سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

بۇ گەپلەر ئايخاننىڭ دوختۇرخانىغا بېرىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. ئۇ كەچتە ياتقىنىدا قورسىقىنى سىلاپ كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇرۇنراق دوختۇرخانىغا بارمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئازراق قورقۇش ئىچىدىمۇ قالدى. ئايخان ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىدىكىلەر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۈرۈمچىگە بارمىسا بولمايدۇ، دەپ قايتۇردى. ئۇ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچ يەرگە بارماي، ئۆيىدە يالغۇز يېتىۋەردى. ئۇنىڭ ھالىدىن كۆپىنچە 15 ياشلىق يالغۇز ئوغلى خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە

روھى چۈشۈپ، تامىقى ئازىيىپ، ئۇيقۇسى كېمىيىپ كەتتى.

ئايخاننىڭ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا تەكشۈرتكەنلىك خەۋىرى تېزلا پۈتۈن مەھەللىگە تارالدى. ئۇنىڭ ھامىلىدار ئايالىدەك تومپىيىپ كەتكەن قورسىقىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر: «ئايخان ساقايماس ھېلىقى كېسەل ئوخشايدۇ، بولمىسا ناھىيەدىن قايتۇرۇۋەتمەيتتى» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. يەنە بەزىلەر: «ئۆرۈمچى دېگەن يېقىن يەر ئەمەس، ماشىنا بىلەن ئالتە كۈندە ئاران يېتىپ بارالايدۇ، ئايخان ناھىيەدىن بۇ ھالەتتە كەلدى، ئۆرۈمچىگە بېرىپ ساقىيىشىغا كۆز يەتمەيدۇ، جەزمەن ھېلىقى كېسەل بولسا كېرەك. دۇنيادا تېخى ئۇنىڭغا داۋا تېپىلغىنى يوق» دېيىشەتتى. ئايخانمۇ ئۆلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «ھەرنېمە بولسام، ئۆز يۇرتۇمدا بولاي، ئۆلۈكۈم ياقا يۇرتتا قالمىسۇن» دەپ يىغلايتتى. بۇ ھالىتى بىلەن ئۆرۈمچىگە بارالىشىغىمۇ كۆزى يەتمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايى ۋە باش سۆڭىكى پەقەت سېرىق بىر قەۋەت نېپىز تېرە بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئادەمگە مۇسكۇلدىن ئايرىلغان قۇرۇق كاللىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرسىز كۆزىلا ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ھاياتىدىن ئاللىقاچان ئۈمىد ئۈزگەن بولۇپ، پەقەت ئەززائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپلا ياتاتتى. ئاخىرەتلىك ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنىمۇ تەييارلاپ قويغان، ھەتتا ئىككى ئادەمگە پۇل بېرىپ يەرلىكنىمۇ كولىتىپ قويغاندى. ئۇ قېشىغا كىرگەنلىكى كىشىلەردىن رازىلىق ئالاتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئايخان شۇ ھالەتتە ياتقاندا، ئۇنىڭ ھويلىسىغا بىر كۈنى ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى ۋە ئايخان بىلەن قىسقىچە سالاملىشىپ، سۇپىدىكى كىگىزدە

ئولتۇرۇشتى. بۇلارنىڭ بىرى ھەربىيچە كىيىنگەن، سىمىزغىنە، كۈلۈپ تۇرىدىغان، 35 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق ئايال ئىدى. يەنە بىرى كەنتنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى ئىدى. كەنتنىڭ دوختۇرى يېنىدىكى ئايالنى كۆرسىتىپ:

— ئايخان ئاچا، بۇياق ھەربىي رايون دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ماھىرە بولىدۇ. ئۇ كەنتىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇش ئىشىغا ياردەم بېرىش ھەم سەييارە كېسەل كۆرۈش مەقسىتىدە يېزىمىزغا چۈشكەنىكەن، ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن قاشلىرىغا باشلاپ كەلدىم، — دېدى.

— ئوبدان قىپلا بالام، — دېدى ئايخان پەس ئاۋازدا.

ماھىرە ئايخاننىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ دىياگنوز قەغىزىنى كۆردى، ئاندىن ئايخاننىڭ ئۇستىدىكى يوتقانىنى قايرىپ، قورسىقىنى بېسىپ تەكشۈردى، كەينىدىن ئۇنى يېرىم ھالەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ يۈرەكنى تەكشۈردى.

— ئۆزلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلسا بولىدىكەن، بۈگۈن مەن قايتقاندىن كېيىن دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلاي، سىلىنى ماشىنىلىق دوختۇرخانىغا يۆتكەيلى، — دېدى.

— مېنى داۋالايمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، مەن بەرىبىر ساقىيالمايمەن......

ماھىرە ئايخاننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، دادۇينىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرىغا قارىدى.

— ئايخان ئاچام مېنىڭ كېسىلىم ھېلىقى «ساقايماس كېسەل» دەپ، ئۇ دۇنياغا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغان، شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋاتىدۇ، — دېدى يالاڭ ئاياغ دوختۇر.

— ئايخان ئاچا، قورساق يوغىناپ كەتسىلا شۇ كېسەل بولۇۋەرمەيدۇ، — دېدى دوختۇر چۈشەندۈرۈپ، — باشقا كېسەلدىنمۇ يوغىنايدۇ. سىلىنىڭ بۇ كېسەللىرىنى ئوپېراتسىيە قىلساقلا ساقىيىپ كېتىلا، دوختۇرخانىمىز جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ بىرى. بۇرۇنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان.

— قىزىم، مەن بىر ئاجىز تۇل ئايال، بىرلا ئوغلۇم بار، ياتاقتا ياتسام قارايدىغان ئادىمىم يوق......

— سىلى بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولسىلا، دوختۇرخانىدا ياتقان كېسەللەرگە ئائىلىدىن ئادەم قاراش ھاجەتسىز، مەخسۇس قارايدىغان سېسترا بار. ياتاق، تاماق، ھەممىسى دوختۇرخانىدىن بېرىلىدۇ، ھەتتا كېسەللەرگە ياتاقتا يېتىش جەريانىدا مەخسۇس كىيىم بېرىلىدۇ.

— بوپتۇ، پېشانەمدىن كۆرەي.

ئايخان ئاخىر دوختۇرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

× × ×

يېڭىلا ئوپېراتسىيەدىن چىققان ئايخان كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، يەڭگىل نەپەس ئېلىپ كارىۋاتتا ياتاتتى. بىلىكىگە ئېسىلغان ئاسما ئوكۇل بىر خىل رىتىمدا تامچىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئايخاننىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ماھىرە بىردەم ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچىسە، بىردەم تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. ئايخان ئوپېراتسىيەدىن چىقىپ تەخمىنەن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟— دېدى بۇ ئىشلارغا ئىشەنمەي قالغاندەك.

— ھەئە، ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇق، قورساقلىرى يەڭگىللەپ قالغاندۇ؟— دېدى ماھىرە.

ئايخان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقىدىن ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنى قىيناپ كەلگەن 34 جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۇخۇمدان ئۆسمىسى ئېلىپ تاشلانغانىدى. ئايخاننىڭ ئوپېراتسىيەسى ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىز بولغاچقا، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئەھۋالى دوختۇرلارنى خېلى ئەنسىرەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە دوختۇر - سېستىرالار ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلماي جىددىي داۋالاش نەتىجىسىدە ئايخان ئاچىنىڭ ھاياتى خەۋپتىن ئۆتۈپ كەتتى. ماھىرە ئايخان ئاچىنى ئوپېراتسىيە قىلغان شۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئايخاننىڭ سالامەتلىكى ئاستا-ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ماھىرە ياتاققا بىر داس ئىللىق سۇ ئېلىپ كىرىپ:

— ئايخان ئاچا، پۇتلىرىنى يۇيۇپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ قوياي،— دەپ ئايخاننىڭ يوتقىنىنى قايرىۋىدى، ئۇ خىجىل بولۇپ:

— ماھىرە، ئالدىڭىزدا تولىمۇ ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم، ھېلىمۇ تەرىتىمگە قاچا تۇتقىنىڭىز يېتەر، يەنە پۇتۇمنى يۇيۇپ قويامسىز، بولدى، ساقايغاندا ئۆزۈم يۇيۇۋالىمەن،— دەپ ئۇنىمىدى.

ماھىرە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالدى. پۇتىنى داستىكى ئىللىق سۇغا چىلاپ سوپۇنلاپ يۇيۇشقا باشلىدى. ماھىرەنىڭ ئاق پاختىدەك يۇمشاق قوللىرى ھەر قېتىم ئايخاننىڭ پۇتلىرىغا تەگكەندە، گويا ئۇنىڭ تومۇرىدىن يۇقىرىغا بىر خىل ئىللىق ئېقىم ماڭغاندەك

تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي، ئىچىدە «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، ساقايسام باغلىرىمغا......» دېگەن سۆزلەرنى پىچىرلايتتى. ئايخاننىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى.

× × ×

ئايخان دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. ياز كېتىپ، سېخىي كۈز ئايلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېغىدىكى مېۋىلەر خۇددى بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كەينى-كەينىدىن پىششقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم بېغىغا كىرگەندە ئۆزىنى ئەجەل ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان شەپقەتچىسى ماھىرەنى ئەسلەيتتى، ئۇنىڭغا بېغىدىكى مېۋىلەرنىڭ پىشقانلىرىنى ئايرىپ بەرگۈسى كېلەتتى، بىراق ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ماشىنىدا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، كۈندە ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، ماھىرەنىڭ چىققان - چىقمىغانلىقىنى سورايتتى، ھەتتا ماشىنا ئاۋازى چىقسىلا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا قارايتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ كۈتكەن مېھمىنى ماھىرە ئۇنى يوقلاپ چىقتى، ئۇنىڭ بۈگۈن بۇنچىۋالا خۇشال بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

1983 - يىلى، قەشقەر

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇدىرنىڭ پەزىلىتى

نىياز ئاكا ئايالىنى يۆلەپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇرا ياشلىق، قارىمۇتۇق، سېمىزرەك كەلگەن دوختۇر ئاسىيە كېسەل ئازابىدىن ئورۇندۇقتا ئاران ئولتۇرۇۋالغان ئايالغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، خىيالىدا يوق بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى خېلىغىچە سوزۇلدى. ئاخىر پاراڭ كىيىم كېيىش ئۇستىگە يۆتكەلگەندە، ئاسىيە ۋايساشقا باشلىدى:

— ھەر ھېيتتا تۆرۈكرەك بىرنەرسە كىيەلمەيمەن، بالىنىڭ دادىسى بۇ دوختۇرخانىدا مۇدىر بولغىنى بىلەن، خىزمەتنىلا بىلىدۇ، ئۆيىنىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق.

— كىيىم كىيىدىغان ئىشلىرى بولسا، بۇ ئاسان گەپقۇ، ئېيتىسىلا، قايسى رەڭدىن، قانداق كىيىم كىيگۈلىرى بار؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئايال.

نىياز ئاكا ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن جاق تويۇپ، كېسەل ئازابىدا بىئارام بولۇۋاتقان ئايالىغا قاراپ تىت-تىت بولدى ۋە قولىدىكى كېسەل تارىخى بىلەن نومۇرنى شىرە ئۇستىگە قويۇپ، ئاسىيەنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويدى. بىراق، بۇ ئىشلار بۇ ئىككىيلەننىڭ پارىڭىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

— ماڭا پور رەڭدىن بىر كىيىملىك ئېلىپ بەرسىلە، ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— ماقۇل، بۇ قانچىلىك ئىشلار دەيسىز، دەپلا قويسام تەييار بولىدۇ.

— بەك ياخشى بولدى. تېززەك بولسۇن، بولمىسا روزى ھېيتقا ئۈلگۈرمەي قالىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئەتىلا ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن.

ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بىزار بولغان نىياز ئاكا ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، دوختۇرنىڭ قېشىغا كەلدى-دە:

— دوختۇر، بىر ئىلتىپات قىلسىلا، ئايالىم بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تېززەك كۆرۈپ قويغان بولسىلا، — دەپ يېلىندى ئاخىر.

— ئەجەب زېرىكتىم مۇشۇ ئىشتىن، بىرەر ئادەم بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشقىلىمۇ بولمايدۇ. ھە، نېمە كېسەل، چاققان - چاققان سۆزلەڭ!— دېدى ئاسىيە نىياز ئاكىغا دوق قىلىپ.

— تۈنۈگۈن يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغانىدىم، دوختۇرلار كۆرۈپ، «دەرھال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دېيىشتى. نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلمىدۇق. يولدا كەلگۈچە بەك قورقۇتتى.

— ئوھوش...... جەريانىنى كۆپ سۆزلىمەي، نەق گەپنىلا دەڭ، زادى قەيىرى ئاغرىيدۇ؟

كېسەل ئايال يۇقىرىقى قورساق قىسمىنى كۆرسىتىپ، ئاغرىغان يەرنى، كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى يوقلۇقىنى ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئاران سۆزلەپ بەردى.

ئاسىيە كېسەلنىڭ كۆكرەك قەپىسىنىڭ ئىككى - ئۈچ يېرىگە توكۇلدىتىپ تىڭشىغۇچ قويدى-دە، نىياز ئاكىنىڭ قولىغا دورا يېزىلغان رېتسېپنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— دوختۇر، ياتاققا ئېلىشقا تېگىشلىك دەپ يېزىپ بەرلىمىكىن؟— سورىدى نىياز ئاكا تارتىنىپ تۇرۇپ.

— ياتاقتا ياتمىسىمۇ بولىدۇ، مۇشۇ دورىنى ئىچسە ياخشى بولۇپ قالىدۇ، ئاساسلىقى بەدەندە قۇۋۋەت ئاز، ئوبدانراق يېقىلىڭ.

— دوختۇر، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتمەي، ئامالسىز قىلىۋاتىمەن، ئوبدانراق بىر داۋالانسۇنمىكىن دېگەنىدىم.

— تولا گەپ قىلماي، چاققان مېڭىڭ، ھېلى دورىخانىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتسە دورىنى ئالالماي قالىسىز بىكار.

— دوختۇر، ئايالىمنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، مۇمكىن بولسا ياتاققا خەت يېزىپ بەرسىلە،— نىياز ئاكا ئۇنىڭغا يىغلامسىرىغان ھالدا يالۋۇردى.

نىياز ئاكىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئاسىيەگە كار قىلمىدى. نىياز ئاكا ئاخىر ئىككى يۈەن ئاتمىش پۇڭلۇق دورىنى ئېلىپ، ئايالىنى يۆلىگىنىچە پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى. ئايالى قۇرۇغان لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ ئېرىگە قارىۋىدى، نىياز ئاكىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى.

نىياز ئاكا دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا يىغلامسىرىغان ھالدا ئايالىنى ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىرىۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشىپ ھەر خىل مەسلىھەتلەرنى بېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ ئۇنىلۇك توۋلىغان ئاۋازىدىن ئامبولاتورىيە تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئۇ ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاكا، نېمىگە يىغلايسىز، ئايالىڭىزنى تەكشۈرت-تىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى.

نىياز ئاكا ئۇ كىشىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن

تەسىرلىنىپ، ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. دوختۇر يوتقاننى قايرىپ، كېسەل ئايالنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، تومۇرىنى تۇتتى ـ دە، جىددىيلىشىپ:

ــ ھارۋىنى ياندۇرۇڭ، كېسەلنى ياتاققا ئالمىسا بولمايدۇ، ــ دېدى.

بۇ ئاسىيەنىڭ ئېرى ئابدۇرېھىم ئىدى.

ئابدۇرېھىم چۈشلۈك تاماققا كېچىكىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ئايالى ئاسىيە كايىپ كەتتى:

ــ نېمىدېگەن ئاكتىپلىق بۇ، باشقىلار ئىشتىن چۈشكىلى نەكەم، ئۆيىنىڭ ئىشى بىلەنمۇ كارىڭىز بولمىسۇن، تاماق بىلەنمۇ كارىڭىز بولمىغىنى قانداق گەپ؟!

ــ بىر جىددىي كېسەل كېلىپ قالدى، كېسەلنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، دېجورنى دوختۇرغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كېلىشىم، ــ دېدى ئابدۇرېھىم.

ــ سىز ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، كېسەل كۆرۈش، كېسەلنى بىر تەرەپ قىلىش ئادەتتىكى دوختۇرلارنىڭ ئىشى، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىپ جانىنى ئۇپراتقاننىڭ نېمە پايدىسى، ــ ئاسىيە بىر تەخسە ئاشنى دوققىدە شىرە ئۈستىگە قويدى.

ــ ئۇ ئاغرىقنىڭ كېسىلىنى سەن كۆرۈپتىكەنسەن، بىراق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىپسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، چالۋاقاپ كەتكىنىڭنى قارا سېنىڭ! شۇنداق ئېغىر كېسەلنى ياتاققا ئالماي، ئانچە ـ مۇنچە دورا بىلەن يولغا سېلىۋېتىش نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەجەبا، بىز خەلق نەزىرىدىكى ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر ئەمەسمۇ؟ ھازىرغۇ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى، ناۋادا يولدا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز

بەرسە، بۇنىڭ جاۋابكارلىقى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى. ئۇ ئايال شوك كېسىلى بىلەن ئاغرىغان.

شوك كېسىلى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئاسىيە چۆچۈپ كەتتى:

— راستىنلا شوك كېسىلىمكەن؟ ماڭا كېسەل ئەھۋالىنى ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنغۇ؟

— شوك كېسىلى بولغان كىشىنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇۋەرمەيدۇ. سەن بۇنى بىلىسەن، گەپ سېنىڭ ئۆز بۇرچۇڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭدا. بىزنىڭ بۇرچىمىز — خەلقنىڭ كېسىلىنى جان - دىللىق بىلەن داۋالاش. سەن بۇرچۇڭنى ئادا قىلمىدىڭ، تېخى تونۇگۇن پەسىللىك باھالاشتا ئىلغار باھالانغان، بۈگۈن ئىپادە بىلدۈرمەكچى ئىدىڭ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى باھالاش يىغىنىدا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلان.

ئابدۇرېھىم بىمارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ئابدۇرېھىم، توختاڭ، مەنمۇ بارىمەن!

ئاسىيە كېسەلنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن، ئوغلىغا ئېلىپ قويغان بىر قاچا ئاشنى ئېلىپ ئاشخانا ئۆيدىن چىقتى.

# سىناق

ئابدۇنىياز شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى كىچىككىنە دۇكانىدا تىجارەت قىلاتتى. ئۇنىڭ خېرىدارلار بىلەن ئۇچراشقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يىل بويى ئۆيىگە بىرەر ئادەممۇ يوقلاپ كەلمەيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ دۇكىنىغا مېڭىش ئالدىدا غەيرىي ئاياغ ئىزىنى بايقاش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا سۇ چېچىپ قوياتتى؛ كەچتە ئۆيىگە ماڭغاندا ئايالىنى ئۆي ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قوياتتى. گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكۈدەك بىرەر شەپە بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەككىز يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى زىلۋا بويلۇق، چېچەن چوكان ئىدى. ئابدۇنىياز ئۇنى «ئۆگزىگە چىقىپ يولدىن ئۆتكەنلەرگە قارايدىكەن......» دېگەن باھانە بىلەن قويۇۋەتتى. ئىككىنچىسىنى بولسا «ئوتياش سېتىۋالغىلى چىققاندا ئوتياشچى يىگىتكە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، كۆڭلۈمگە شەك چۈشۈپ قالدى» دەپ قويۇۋەتتى. ئۈچىنچىسىنى بولسا «ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، ھەۋەسى كۈچلۈك، دوستى كۆپ ئىكەن» دېگەن باھانە بىلەن قويۇۋەتتى......

مانا ئەمدى ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى.

بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇ مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ سېستراسى تاجىنىسانىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۇنىڭدا ئىشتىياق

پەيدا بولدى. شۇڭا، ئۇ ساقىلىنى قىردۇرۇپ، ھېيتلىق پەلتوسىنى كىيدى ـ دە، ئىككى بولاق قەنتنى پوپكىسىغا سېلىپ، كۆكچە قوغۇندىن بىرنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ دوختۇرخانىغا باردى. تاجىنسا ھەقىقەتەن قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن ئايال بولۇپ، ئىككى ئۆرۈم قارا چېچى بېلىگە چۇشۇپ تۇراتتى.

— تاجىنسا، سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا بەكمۇ خۇشالمەن، كىشىلەردىن ياخشى گېپىڭىزنى كۆپ ئاڭلاپ، يۈرىكىمگە سىڭىپ قالدىڭىز...... — دېدى ئۇ سىپايىگەرچىلىك بىلەن، — ئەمدى...... ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك بولساق دېگەن ئۈمىدتىمەن...... تەكلىپىمنى ماقۇل كۆرەمسىزكىن؟......

— مېنىڭ ھازىرچە توي قىلىش نىيىتىم يوق، — دېدى تاجىنسا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ تاجىنسا، — دېدى ئابدۇنىياز يېلىنىپ، — مەن سىزدەك ئايالنى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، ئىككىمىز ئائىلە قۇرساق چوقۇم كۆڭۈللۈك ھەم بەختلىك ياشايمىز......

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئابدۇنىيازغۇ؟ — دېدى ئايال ئاخىر، — مەنمۇ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان. ئۈچ ئايالنى بىگۇناھ ئەيىبلەپ خېتىنى بېرىپتىكەنسىز. بۇ ھالدا قانداقمۇ سىز بىلەن توي قىلغىلى بولىدۇ!؟

لېكىن، ئابدۇنىياز ئۆز نىيىتىدىن يانمىدى. ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىغا قاتراپ تۇردى، ئارىغا ئادەم قويدى. ئۆزىمۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، بىچارە قىياپەتتە يېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر تاجىنسانىڭ يۇمشاق كۆڭلىنى ئېرىتتى.

— ئابــدۇنياز، بىھــۇدە كۆڭۈل ئاشــلىق ئەر - ئايــال ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلغۇچى يامان ئادەت. بىز تــوي قىلــساق ئاشــۇ مىجەزىڭىزنــى ئۆزگەرتــىشىڭىز كېــرەك، — دېدى تاجىنسا.

— تاجىنسا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن توۋا قىلــدىم. ســىزدەك پــاك ئاياللارغــا ئىشەنمەسلىك چــوڭ گۇنــاھ ھېسابلىنىدۇ. مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، ئۆمۈر بويى دىلىڭىزنى رەنجىتمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كــۆزدە — شــاپتۇل، ئــۆزۈم تــۆكمە بولغاندا توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

بىراق، ئابدۇنيازنىڭ كاللىــسىدا يەنە گۇمانلىق خىيــاللار پەيدا بولدى: «كونىلار ‹ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا› دەپتىكەن، تاجىنسانىڭ ئىچىدىكى گېپىگە، كىشىلەرنىڭ قۇرۇق ماختاشلىرىغا ئىشىنىپ كەتكىلــى بولامــدۇ؟ ھەر ھالدا قەدەمنى ئويدان بېسىش كېرەك.»

ئابدۇنياز بۇ ئايالنىڭ قەلبىنى سىناپ كــۆرۈش ھەققــدە بىر ھەپتە ئويلىنىپ، ئاخىر ناتونۇش كىشى قىياپىتىگە كىرىــپ سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ئىككى ھەپتىگىچە بۇرۇتىغــا تىــغ تەگكــۈزمەي ئۆســتۈ-رۈۋەتتى؛ دوســتىنىڭ قــارا چاپىنىنى ئــارىيەت ئېلىــپ كىيــدى؛ قارا كــۆزئەينەك تاقــدى. ئۇنــىڭ بــۇ تــۇرقى خــۇددى قىزىقچــى ئارتىسقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنى ھېچكىم تونۇيالمايتتى.

ئۇ تاجىنسانىڭ كەچلىك ئىسمېنىدىن قايتىشىغا ئۆلگۈرۈپ يولغا چىقتى.

تاجىنسا بۈگــۈن گۈللــۈك كــۆڭلەك كىيىــپ، ئــاق ياغلىق بىلەن چېچىنى ئورىۋالغان بولۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتى.

— خېنىم، سىلىگە ئىككــى ئېغىــز گېپىــم بــار ئىــدى، — دېدى ئابدۇنياز تاجىنسانىڭ ئالــدىنى توســۇپ، — ۋاقىتلىــرى بېتەرمۇ؟

— نېمە گەپ؟— دېدى تاجىنسا مۇلايىملىق بىلەن،— ئۆيىڭىزدە كېسەل بارمىدى؟

— يوقسۇ، ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، پىنھانغا ئۆتۈپ بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟— دېدى ئابدۇنىياز مەيدە يانچۇقىدىكى ئون كويلۇق پۇللارنى تاراقشىتىپ قويۇپ.

تاجىنسا غەزەپلىنىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى. بۇ چىدىغۇسىز ئاھانەت ئۇنىڭ قوللىرىنى تىترىتىۋەتتى.

— يولداش، ئىنساندا ۋىجدان بولۇش كېرەك. سىز مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭىز؟! پۇلىڭىز كۆپ بولسا خوتۇنىڭىزغا ئۇسما ئېلىپ بېرىڭ. شۇ تاپتا خوتۇنىڭىز تاماق ئېتىپ سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟

تاجىنسا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. ئابدۇنىياز ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپلا قالدى: «بۇغۇ ياخشى بولدى، باشتىن - ئاياغ شۇنداق تۇرالامدۇ - قانداق؟ ئەگەر بىرەر كىشى 20 كوي تەڭلەپ قالسىچۇ؟......» ئۇ تېز - تېز قەدەم ئېلىپ تاجىنساغا يېتىشتى.

— خېنىم، مەندىن رەنجىۋاتامسىز؟ رەنجىمەڭ، ئەگەر پۇلنى ئاز كۆرسىڭىز، مانا يىگىرمە كوي......

تاجىنسا تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئەلەمدىن يىرىلغۇدەك بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى:

— يولداش! ئادەمنى خاتا ئىزدەپ قاپسىز، ئىزدىگەن كىشىڭىز مەن ئەمەس، ماڭا سۆگەلدەك چاپلىشىۋالماي، يولىڭىزغا مېڭىڭ!

ئابدۇنىياز تېخىمۇ بىزەڭلىك بىلەن سەت ھىجايدى:

— ۋاي - ۋۇي...... نېمانچە نازلىنىسىز، سىزدىن نېمە

كېتەتتى؟ بىر قاراپ قويغانغا نېمە كېتەتتى؟!

— تولىمۇ پەس ئادەم ئىكەنسىز! بىرىپ قارايدىغان ئادىمىڭىزنى تېپىڭ! — تاجىنسا شۇنداق دەپلا ئاچچىق بىلەن كېتىپ قالدى.

«بۇ دېگىنىغۇ تازا ياخشى بولدى، ئەمدى بىرەر سېخىيدىن بىرسى چىقىپ 30 يۈەن تەڭلەپ قالسىچۇ؟ ئۇ پۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مائاشىنىڭ يېرىمىغا تەڭ - دە......»

ئابدۇنىياز يەنە تاجىنسانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدى.

— خېنىم، ئەمىسە 30 كوي بولسۇن......

تاجىنسا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ئۇ شىددەت بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئابدۇنىيازنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى. ئابدۇنىيازنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئابدۇنىيازنى دۆشكەلەپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىشتى.

سوراق ئۆيى يوپيورۇق بولۇپ، ئابدۇنىياز بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ ئىشنى تاجىنسا بىلمەيدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ ساقچىلارنىڭ جازالىشىغىمۇ رازى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە يورۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن، ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. تاجىنسا يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى. ساقچى ئابدۇنىيازنىڭ قانۇنسىزلىق قىلىپ، يولدا ئادەم توسقان جىنايىتى ئۈچۈن 15 كۈن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شىكايەتنامىگە قول قويۇشنى بۇيرۇدى. ئابدۇنىياز شىرە ئالدىغا كېلىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى. شۇ پەيتتە ئابدۇنىياز ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز

بەردى: ساقچى ئۇنىڭغا كۆزئەينەكنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

تۇتۇپ تۇرۇلغان كىشىنىڭ ساقچىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماسلىققا ئەلۋەتتە ھەققى يوق ئىدى. ئورۇنلاشتىن باش تارتسا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئابدۇنىياز بىلەتتى. ئۇ كۆزئەينەكنى ئامالسىز ئېلىۋەتتى.

— ۋييەي...... — دېدى تاجىنىسا ھەيران بولۇپ، — سىز ئابدۇنىيازغۇ؟!......

— شۇنداق، تاجىنىسا، مەن سىزنى سىناپ باقاي دەپ...... مېنى كەچۈرۈڭ...... — دېدى ئابدۇنىياز قىزىرىپ يەرگە قاراپ.

ساقچى ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شىكايەت قەغىزىنى يىرتىپ تاشلىدى.

— تازا بىر تەلۋە نېمىكەنسەن، — دېدى ساقچى غەزەپلىنىپ، — ئەر - ئايال ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت بىر-بىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىر-بىرىگە ئىشەنمەي ئەر - خوتۇن بولغىلى، خاتىرجەم ھايات كەچۈرگىلى بولمايدۇ......

— يولداش، ئېيتقانلىرىڭىز تامامەن توغرا، — دېدى ئابدۇنىياز ئۆزىنى ئەيىبلەپ، — مەن خاتالىشىپتىمەن. مېنىڭ بۇ قاپاقباش كاللامنىزە......

— ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن؟!

— ئەمدى...... تاجىنىساغا تولۇق ئىشەندىم...... ئۇ گۆھەردەك ئايال ئىكەن...... مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولىدۇ......

— نېمە؟! — دېدى تاجىنىسا ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بۇندىن كېيىن يۈزمىگە قارىغۇچى بولما، سەندەك ئەرنى ئەزەلدىن كۆرمەپتىكەنمەن.

تاجىنسا ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، چوڭ يولنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇنىياز يول ئۈستىدە خۇددى قاققان قوزۇقتەك جىم تۇرۇپ قالدى. ئەتراپنى سۈتتەك ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى. تاجىنسا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، ئابدۇنىياز بىردىنلا هوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، تاجىنسانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— تاجىنسا!...... تاجىنسا!......

1982 ـ يىلى، قەشقەر



# ئانا ئارزۇسى

مايسخان ئوغلىنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق بىرقانچە قېتىم ئېغىز ئاچقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىگە زادىلا يېقىن كەلمىدى. ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىغا مايسخانىنىڭ خېلى ئاچچىقى كەلدى - يۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئوغلىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ باقتى، بىراق قانچە قىلىپمۇ ئوغلىنى يۇمشىتالمىدى......

× × ×

مايسخان ئېرىدىن بىر ئوغۇل بىلەن ياشلا قالغان. ئوغلى ئۇ چاغدا ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش يۈكى ئانىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. مايسخان يېزىنىڭ جاپالىق ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يالغۇز ئوغلىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى. ئوغلى ئۆتكەن يىلى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى.

مايسخانىنىڭ ئۆيى شەھەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئوغلىنى ئەسلەيتتى، ھەر تىنىقىدا ئوغلىغا بەخت - سائادەت تىلەيتتى......

بىر كۈنى كەچتە مايسخانىنىڭ ئوغلى گويا ئاسماندىن

چۈشكەندەكلا ھويلىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، كۆز بۇلاقلىرىدىن شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى، چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيدى. ئوغلى خۇددى تارتىپ ئۆستۈرگەندەك تېزلا بوي تارتىپ، يىگىتلىك قىيامىغا تولغان، ئەمدىلا خەت تارتقان يۇمران بۇرۇتى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى.

مايسىخان ئوغلىنىڭ ئالدىغا قېتىق ۋە تاتلىق - تۈرۈملارنى قويغاندىن كېيىن، غىزالانغاچ پاراڭغا چۈشتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپ يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، جىددىيلىشىپ تۇرالماي قالدى.

— بالام، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئادەم دېگەن يىلتىزى يوق نەرسە، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، 2 — 3 يىلدىن بۇيان كېسەلمەن بولۇپ قالدىم. پۇت ئاغرىقىم پات - پات قوزغاپ تۇرۇۋاتىدۇ. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا تويۇڭنى قىلىۋەتسەم خاتىرجەم بولاتتىم.

— ئانا، ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ تولا قايغۇرما، بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى- سائىتى بار، كېيىنچە بىرنەرسە دېيىشەرمىز.

— ۋاقتى - سائىتى بار دەيسەن، ۋاقتى قاچان بولىدۇ، بالام؟ سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭ 1 — 2 بالىغا دادا بولدى. ساقلىلىق ئاقارغاندا ئۆيلىنەمسەن؟ ئۇنداق قىلماي گېپىمگە ماقۇل بولغىن. ساڭا يۇرتىمىزدىن ئوبدان بىر لايىق تېپىپ قويدۇم. قول ئىلكىدە بار، ئوبدان خەق.

— ئانا، بىز باشقىلارنىڭ مال-دۇنياسىنى نەزەردە تۇتماي، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، قىزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قارىساق بولىدۇ.

بۇ گەپلەر مايسىخاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىشقا باشلىدى:

— مەن سېنى ئوبدانراق كۆڭ كەچۈرەمدىكىن دەۋاتىمەن. كونىلارنىڭ «قىز ئالساڭ بايدىن ئال، يەر ئالساڭ سايدىن» دەيدىغان گېپى بار. كېيىن ئۆي - ئوچاقلىق بولساڭ، قىينالماسمىكىن دەۋاتىمەن......

مايىسخان ئوغلىغا ئۆزىنىڭ تۇي توغرىسىدىكى ئويلىغانلىرىنى ناھايىتى شېرىن گەپلەر بىلەن بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەر دېگەندەك ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تەرسالىقىدىن ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلىۋالغاندەك بىئارام بولاتتى. بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتى تېخى بىر يەرگە كەلمەي، ئۇ ئۆيىدە ھەپتە تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن مايىسخانىنىڭ پۇت ئاغرىقى كېسىلى قوزغىلىپ يېتىپ قالدى. قوشنىلىرى تاماق ئېتىپ بەردى، ھەر كۈنى كىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، يېزا دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. گەرچە ئوكۇل، دورىلار بىلەن داۋالىغان بولسىمۇ، بىراق ئۈنۈمى بولمىدى...... شۇ كۈنلەردە «شەھەردىن دوختۇرلار كەپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا تارالدى. بىر كۈنى قوشنىسى 19 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سۆزۈك، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كىردى. بۇ قىز ۋىلايەتلىك كادىرلار دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى روشەنگۈل ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم سەييارە داۋالاش خىزمىتى ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كەلگەنىدى.

روشەنگۈل مايىسخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— پۇتۇمدا ئاغرىق پەيدا بولغىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. بۇرۇن ئانچە - مۇنچە ئاغرىپ، يەنە ئۆزى ساقىيىپ قالاتتى. بىراق، بۇ قېتىم دورا - ئوكۇل ئىشلەتكەن بولسامۇ ئۈنۈمى

بولمىدى، — دېدى مايسىخان كۆزىگە ياش ئېلىپ.

روشەنگۈل ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆردى:

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئاچا، پۇتلىرى چوقۇم ساقىيىدۇ.

— دېگەنلىرى كېلەر، ئوبدان قىزىم، مېنى بىر داۋالاپ قويسىلا، مەن بىر ئاجىز تۇل خوتۇن......

— بىز مۇشۇ يۇرتتا بىر مەزگىل تۇرىمىز. شۇ جەرياندا كۈندە ئۆيلىرىگە كېلىپ داۋالاپ قوياي. كېسەللىرىنىڭ دورىسى مانا مۇشۇ، — ئۇ يېنىدىكى دوختۇرلۇق سومكىسىدىن بىر قۇتىنى ئالدى- دە، بىر تال ئۇزۇن، ئىنچىكە يىڭنىنى كۆرسەتتى. مايسىخان ھەيران بولغىنىدىن گەپ - سۆز قىلماي، كۆزىنى چىملدىتىپ، روشەنگۈلگە تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ يىڭنىنى سانجىغاندا، ئازراق تۇك تەپكەندەك، قولاشقاندەك سېزىم بولىدۇ. بۇنىڭغا بەرداشلىق بەرسىلە، بىرقانچە كۈن داۋالاش بىلەنلا ياخشى بولۇپ كېتىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مايسىخاننىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە جىلۋىلەندى.

— پۇتۇم ساقىيىدىغانلا بولسا، ھېلىغۇ ئاغرىسىكەن، بەدىنىمنىڭ بىرەر جايىنى كەسسىمۇ ۋاي دېمەيمەن، ئىگەكىم.

شۇ كۈنى روشەنگۈل مايسىخاننىڭ پۇتىنىڭ بىرقانچە يېرىگە يىڭنە سانجىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىنى سۇدا يۇيۇش، يىڭنە سانجىش بىلەن سەككىز كۈن داۋالىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى تېزلا كۆرۈلۈپ، مايسىخان دەسسىيەلەيدىغان بولىدى. 15 كۈن يىڭنە ئارقىلىق داۋالاش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئاغرىقى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى......

روشەنگۈلنىڭ بۇ يۇرتتىكى خىزمىتى ئاياغلاشتى. بۈگۈن ئۇ مايىسخان بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدى. مايىسخان ئۇنى خۇشال قارشى ئالدى. روشەنگۈل ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئىشلىرىنى قىلىشىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ بەردى، كەچتە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ يېگۈزدى. روشەنگۈلنىڭ ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن مايىسخان كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى، قىزىنىڭ قىلغان شەپقەت - شاپائەتلىرىگە رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتتى.

تاماقتىن كېيىن روشەنگۈل ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ھويلىدىن چىقتى. مايىسخان ئىشىك ئالدىدا تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى، ئۆيگە كىرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشىغىلا خىيالى يەنە روشەنگۈل تەرەپكە چېپىپ كەتتى:

«ئوغلۇمغا روشەنگۈلدەك قىزنى ئېلىپ بەرسەم قانداق ئوبدان بولاتتى - ھە؟! ھەي...... بۇ قىز قانداقراق كىشىگە ياتلىق بولار؟ قىلچە كىبىرى يوق، خويمۇ ئوڭلۇق قىز ئىكەن، ئۆزى چىرايدىمۇ بار، ئىشتىمۇ بار، ئوغلۇمغا ئېغىز ئېچىپ باقسام نېمە دەر؟! ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بولسا چوڭ دوختۇر، مەندەك بىر يېزىلىق تۇل خوتۇننى يارىتامدۇ؟ ھەقىچان بۇ چاغقىچە نەچچە باشلىقنىڭ ئوغۇللىرى قورسىقىدا چەن سوقۇپ بولغاندۇ. ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە......»

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. مايىسخان ئوغلىدىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، قولى ئىشقا بارماي، كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان بولدى. ئوغلىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن رەنجىدى. ئوغلىنىڭ لايىق تونۇغىنىدىكى گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەنىدى. « (شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق) دېگەن گەپ بار. ئادەم تاپالماي، شەھەرلىكنى

تاپقىننى قارا!؟ ئۆزىگە ئاش بولغۇدەك قىزنى ئالماي......
ھەي، ئوغلۇم! نېمىشقىمۇ ئويلانماي ئىش قىلىدىغانسەن؟.......»
مايىسخان ئەتىسى سەھەردە ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە يول ئالدى...... ئابلىمىت كېچىدىن بېرى ئانىسىغا شۇنچە كۆپ گەپ قىلغان بولسىمۇ، مايىسخاننى قايىل قىلالمىدى. مايىسخان ئەتىسى ئوغلىنىڭ ئىشقا چىقىپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئاخشام ئوقۇۋالغان ئادرېسى بويىچە قىز ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىغا ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئوغلى يارىتىپ قالغان قىزنى تۇزۇكرەك كۆرۈش، ئاتا- ئانىسىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ بېقىش ئىدى......
دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر ئۇيانىدىن بۇيانغا مېڭىپ يۈرەتتى. كارىدوردا ئاق خالات، ئاق بۆك كىيگەن دوختۇر - سېستىرالار پات - پات كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مايىسخان ئىشخانىلارغا دوقۇرۇپ، ھېلىقى قىزنى تاپالماي تۇرغىنىدا، كارىدورنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئوررۇققىنا بىر سېستىرا قولىدا دوختۇرلۇق سايمانلىرى سېلىنغان تەخسىنى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. مايىسخان ئۆزىنىڭ روشەنگۈل ئىسىملىك بىر دوختۇر قىزنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، سېستىرا ئۇنىڭغا ئۇدۇلىدىكى بىر بۆلۈمنى كۆرسەتتى. مايىسخان بۆلۈمگە كىرگەندە، دوختۇر قىز 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتاتتى. مايىسخان ئۇنىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ بىر چەتتە ئۆرە تۇردى. دوختۇر قىز ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى - دە، خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ۋوي، بۇ مايىسخان ئاچامغۇ؟! سىلىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

ئۇ ئىتتىك بېرىپ مايسىخان ئاچا بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. مايسىخان ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، ھودۇققىنىدىن بىرمەھەل نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بۇ قىزنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ كەتتى:

— كۆزۈم خاتا كۆرمىگەندۇ؟ سىلى روشەنگۈلغۇ؟!

— ھەئە، مەن شۇ!

ئۇلار قايتىدىن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشتى. بىرھازاغىچە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— قىزىم، سىلى ئۆتكەندە كادىرلار ساناتورىيەسىدە ئىشلەيمەن دېگەنتىلىغۇ؟

— شۇنداق، بۇرۇن شۇ يەردە ئىشلەيتتىم. يېرىم يىلدىن ئاشتى، مۇشۇ تېببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئالمىشىپ كەلدىم.

ئۇ مايسىخاننى ياتىقىغا باشلاپ، ئالدىغا نان ۋە قەنت- گېزەك قويدى. مايسىخان قولىدىكى چايدىن ئوتلىغاچ روشەنگۈل بىلەن ھال - مۇڭ بولدى:

— بۇ دوختۇرخانىدا سىلىدىن بۆلەك يەنە روشەنگۈل ئىسىملىك قىز بارمۇ؟

— ياق، روشەنگۈل ئىسىملىك قىزدىن پەقەت يالغۇز مەنلا بار. بۇنى سوراپ قالدىلىغۇ؟

— دادىلىرى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ؟

— ھەئە، بۇنى قانداق بىلىۋاللا، مايسىخان ئاچا؟

— ئوغلۇمدىن ئاڭلىدىم.

— ۋىيەي، قىزىق گەپ قىلدىلىغۇ؟ ئوغۇللىرى مېنى قانداق تونۇيدىكەن؟

— سىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن، گەپلىرىنى قىلىپ بەردى.
— ئىسمى نېمە ئوغۇللىرىنىڭ؟
— ئابلىمىتجان.
— ئابلىمىتجان؟

روشەنگۈلنىڭ يۈزلىرى ۋىلىلدە قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، مايسىخان ئاچا بۇ قىزنىڭ ئوغلىنىڭ لايىقى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، ۋۇجۇدىنى ئىللىق بىر سېزىم چۇلغاپ، يۈرىكى تىنىمسىز تېپچەكلەپ سوقۇپ كەتتى......

ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى كېلىنىگە قارىۋىدى، روشەنگۈل ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى......

1984 ـ يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

《光荣的使命》与《黄土》：维吾尔文 / 艾力麦木·吐尔地；艾力江·阿布汗著. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2015.1
（新疆民族文学原创和民汉互译作品工程）
ISBN 978—7—5373—3790—8

Ⅰ. ①光… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①中篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）②短篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 005547 号

编　　辑：吾舒尔阿吉·阿洪
责任编辑：阿布都热合曼·阿布都热依木
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提
封面设计：王洋
海来提·哈里克

# 光荣的使命与黄土（中、短篇小说）

| | |
|---|---|
| 作　者 | 艾力麦木·吐尔地　艾力江·阿布汗 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 — 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开　本 | 880 毫米 × 1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 7.375 |
| 字　数 | 142 千字 |
| 版　次 | 2015 年 1 月第 1 版 |
| 印　次 | 2015 年 1 月第 1 次印刷 |
| 印　数 | 1 — 12200 册 |
| 定　价 | 19.00 元 |